
مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE




MIRAS

美拉斯

# ميراس

1
2009

ISSN 1004-3829
02>


رەسسام : ئابدۇشۈكۈر كېرەم
خەتتات : نۇرئېلى نۇر

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال          2009 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 111 ـ سان)

## يورۇق يۇلتۇزلار


ھايات ئىزگۇلىرى ........................ مەمتىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (1)


## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر



قىزلار تەربىيىسى ............................................ ئەلىي نەزىما (15)


## ئادەت قىرىماس


«يامان بولدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار ............. ئەركىن سابىر (48)
چىرىلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى — كۆمەچ ...........................
...................................................... مۇھەممەد توختى ئەھمەد (54)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق
قىلىش توغرىسىدا ........................ يالقۇن تۇرسۇننىياز (26)
ئۇلۇغ ئالىم ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى.........
...................................................... مۇختار مامۇت مۇھەممىدى (30)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمالىدىكى ئۆزگىرىشلەر .........................
...................................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (40)


باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

خەلقىمىزدىكى ئالاھىدە تەربىيە شەكلى — «يامان بولدۇ» ..............
.............................. **غالىب مۇھەممەد قارلۇق (52)**
«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا.......
.............................. **ئەسئەت بارات (62)**
توپۇق مەشرىپى .................... **تۇردى تالىش (65)**

## كۈلكە جان ئوزۇقى

قەدىمكى شائىرلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ... **مۇھەممەد شاۋۇدۇن (44)**
يۇمۇرلار .................... **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** تەرجىمىسى **(77)**

## ئەقىل دۇردانىلىرى

ھېكمەتلەر .................... **ماھمۇد زەيدى** تەييارلىغان **(57)**

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ھۇرۇنلۇقتىن پادىشاھلىققىچە .............................. **(66)**

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .... **ئابلىز ئورخۇن** تەييارلىغان **(71)**

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

**ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار، مەتتوختى بارات، ئىلھام رەھىم، مۇختارمامۇت مۇھەممەدىلەر تەمىنلىگەن. 71 ـ بەتتىن 76 ـ بەتلەردىكى سۈرەتلەرنى ئامېرىكىلىق ۋىللىيام ۋاندىۋېرت 1943 ـ يىلى شىنجاڭ سەپىرىدە تارتقان.**

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**本期责人编辑：**
**努尔尼沙·巴克**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ھايات ئىزگۈلىرى

ماۋ يۇشەن

—— تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىي مىراسلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۆچمەس خىزمەتلىرى توغرىسىدا

2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پارىژ شەھىرىگە جايلاشقان مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئورگىنىدىن كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ چوڭ بىر خۇش خەۋەر تارقالدى: جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسى مۇۋەپپەقىيەتلىك

ماقۇللاندى! مۇشۇ قۇتلۇق منۇتلاردا ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتى-
ماسنى تەييارلاش ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، زور تۆھپە ياراتقان پېشقەدەم رەھبەر ـ مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ مىسلىسىز ھاياجانغا تولغان قەلبى قايىنام تاشقىنلىق دېڭىز سۈيە-
دەك ئۆركەشلىدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، ئوتلۇق قەلبى تۇرلۇك تۈمەن ئوي ـ پە-
كىرلەر قاينىمىغا چۆمدى! شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ ئەتىۋارلىق ئېسىل گۆ-
ھەرنىڭ تولۇق قۇتقۇزۇۋېلىنىشتىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ تەستىقلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا بېسىپ
ئۆتۈلگەن نۇرغۇن جاپالىق ھەمدە ئەگرى ـ توقاي ئۇزۇن مۇساپىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ـ بىرلەپ نامايان بولدى!
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسى خىزمىتىنىڭ
پۈتۈن جەريانىنى پىششىق بىلىدىغان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى سۇن جياجېڭ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا
مۇنداق دەيدۇ: «ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنى تەي-
يارلاش خىزمىتىنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى تۆمۈر داۋامەت بىر قوللۇق تۇتۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىگەن. تۆمۈر داۋامەت-
نىڭ بۇ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى ئىلتىماس يوللىنالمىغان بولاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ
ماقۇللىنىشىمۇ مۇنداق تېز بولمىغان بولاتتى».

تۆمۈر داۋامەت ئەسلىدىنلا تونۇلغان شائىر ھەم يازغۇچى، 1963 ـ يىلىلا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا
قوبۇل قىلىنغان. ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ ئون كىتابى (ئالتە پارچە شېئىرلار توپلىمى، تۆت پارچە نەسرلەر توپلىمى) نەشر قى-
لىنغان. ئۇ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇھىتى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە
بولغان ئاتەشتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى، مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان ئاجايىپ مەپتۇنكارلىقىنى تىل بىلەن تولۇق
تەسۋىرلەپ بېرىش تولىمۇ مۇشكۈل! تۆمۈر داۋامەتنىڭ 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقى،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغاندىن باشلاپلا ئۇيغۇر ئون ئىككى
مۇقامى قاتارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانلىقى مۇقام تەت-
قىقات خىزمىتىنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىك يەنە بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1985 ـ يىلى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى.
ئۇنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ھەم ماسلاشتۇرۇشى ئاستىدا 1987 ـ ھەم 1988 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات
جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئىككى جەمئىيەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ زىچ ئىتتى-
پاقلاشتى. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى تۆمۈر داۋامەت بىۋاسىتە ئۆز ئۈستىگە
ئالدى. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت يۇقىرىقى ئىككى جەمئىيەت ئاساسىدا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقام فوندىنى قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يالغۇز ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئاپتونوم
رايون دەرىجىلىك ھەم دۆلەت دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزى بى-
ۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنى تەشكىللەپ، يەنە بىر قېتىم ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش،
تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەتكە ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئالىم ـ مۇتە-
خەسسىس قاتناشتۇرۇلۇپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئىلىم
ساھەسى رەسمىي شەكىللەندى.

1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق مەرىكىسى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئۇلار
ئاخىر ئون ئىككى مۇقام ھەم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر 30 پارچە كىتابنى رەتلەش، نەشر قىلدۇرۇش خىزمە-
تىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شانلىق 40 يىللىق توينىڭ ئېسىل سوۋغىسى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇرا-
سىمى ئۇيۇشتۇردى. ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇردى ئاخۇن ئاكا
ئىجرا قىلغان تېكىستلەر ئاساسىدا رەتلەنگەن بولغاچقا، ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئورۇنداش جەريانىدىكى





قىيىپ كىتىشلەر تۈپەيلىدىن بەزى كەمتۈكلۈكمۇ ساقلانغانىدى. بۇ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان تۆت يىللىق رەتلەش خىزمىتىدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئەجىر قىلىشى ئارقىلىق ئىلگىرىكى نەشردىكى تېكىستلەردە ساقلانغان مەنالار ئېنىق، ئۆلچەملىك بولماسلىق، تەرجىمە سۈپىتى تەلەپكە يەتمەسلىكتەك مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. تۆمۈر داۋامەت راستچىل، ئەمەلىيەتچان، ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدىغان ئەرباب بولغاچقا، شۇ يىلى 12 - ئايدا چاقىرىلغان ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا كەسكىنلىك بىلەن «ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت 12 پارچە كىتاب قايتىدىن رەتلىنىپ، نەشر قىلىنسۇن» دەپ قارار قىلدى. شۇ قېتىملىق نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا شىنجاڭنىڭ شارائىتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەتلەپ تەييار قىلىنغان بۇ 12 پارچە كىتابنى پايتەختىمىز بېيجىڭدا - مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرۇش پىلانىنى بېكىتتى. بۇ چاغدا تۆمۈر داۋامەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى بېيجىڭ تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە بېيجىڭدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئىككى جايدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن بەنزە تەشكىللەپ، ئون ئىككى مۇقام تېكىستى، مۇزىكىسى ۋە تەرجىمىسى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلەش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساس ئىگىلىرى ئىشتىراك قىلغان بۇ قېتىمقى رەتلەش پائالىيىتىدە راستىنلا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھەم يۈكسەك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، يالغۇز «ئىشرەت ئەنگىز» ماۋزۇلۇق گۆھەر بايقىلىپلا قالماستىن، بەلكى «ئابۇ چەشمە»، «مۇستەھزاد» قاتارلىق ئېسىل گۆھەرلەرمۇ قېزىۋېلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى يېڭى ئاھاڭلار بىلەن بېيىتىلدى. بۇ ئون ئىككى مۇقام تارىخىنىڭ تولۇقلىنىشى، مۇكەممەللەشىشى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدىكى بىر قېتىملىق بۆسۈش ھەم بىباھا تۆھپە بولۇپ، ئۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن ئەسلىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى ئاجايىپ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

1996 - يىلى ئون ئىككى مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى ھالقىلىق بىر يىل، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ناھايىتى ئالدىراش بىر يىل بولدى. شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بارغان نەچچە ئون مۇتەخەسسىس ئاپتونوم رايوننىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا (كېيىنچە قارامايىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باش-

قارمسىغا) يغىلىپ، بېيجىڭدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرگە ئون ئىككى مۇقامنى نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەلك ئاخىرقى خىزمەتلىرىنى كېچىنى كۈندۇزگە ئۇلاپ، جىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بىر تەرەپتىن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ، ئومۇمىي ئىشلارنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تولىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنى جۇغلاش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلىرى بىلەن ئالاقىلەشتى، نۇرغۇن كارخانىچىلار بىلەن ئۇچراشتى؛ ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. خىزمەتچى خادىملار مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاشۇنداق كۆيۈپ - پىشىپ، بېرىلىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق تەسىرلەندى ۋە چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئېيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھاردۇق يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر داۋامەت خىزمەتچى خادىملارغا ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن: «سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ھازىر مېنىڭ سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئارام ئېلىش ئەمەسمۇ؟» دەپ تەسەللى بەردى.


ئون ئىككى مۇقامغا ئالاقىدار 13 توم كىتابنىڭ راسخوت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مالىيە مىنىستىرى شياڭ خۇەيچېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ، گويى مېھمانسارىيىدا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى ھەمدە مالىيە مىنىستىرلىكىدىكى رەھبەرلەردىن بۇ تۈرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى. مىنىستىر شياڭ خۇەيچېڭ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن قىزغىن قوللاش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 2 مىليون يۈەن خىراجەت ھەل قىلىپ بەردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت يەنە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، نېفىت مىنىستىرلىكى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى مىنىستىرلىكى، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى قاتارلىق بەش ئالىي ئورگاننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە زىياپەت بېرىپ، ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر بىر مىنىستىرلىكنىڭ 50 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن راسخوت ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ 1 مىليون يۈەن ياردىمىنى، شىنجاڭ كارخانىچىلىرىنىڭ 1 مىليون يۈەن ئىئانىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، رايونىمىز تەۋەسىدىنمۇ 2 مىليون يۈەن مەبلەغ ھەل قىلدى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى ۋە ماسلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 10 مىليون يۈەن خىراجەت جۇغلىنىپ، ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلىنىپ بولدى.

شۇنداق قىلىپ 1997 - يىلى 4 - ئايدا ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە تىللاردا نەشرگە تەييارلانغان 13 توم كىتاب ئاخىر نەشردىن چىقتى. بۇ كىتابلار يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، تۈپلىنىشىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن خەلقئارادا ئەڭ ئالدىنقى سەۋىيىدىكى نەشر بۇيۇملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت 13 توم كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىنى تارقىتىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئون ئىككى مۇقامنى تارقىتىش خىزمىتىگە ماسلىشىش، مۇقامنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرۈش ھەمدە يەنىمۇ كۆپ تەلەپكارلارنى ئون ئىككى مۇقامدىن بىۋاسىتە ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدىكىDC ، DCV، DVD پلاستىنكىلىرى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ جامائەتكە يۈزلىنىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇلدى.

خەلق ئاممىسىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ سەرخىل كۆرۈنۈشلىرىدىن ۋە مىسلىسىز گۈزەل مېلودىيىسىدىن بىۋاسىتە بەدىئىي زوق ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، بۇ ئەل ئىچى سەنئەت گۆھىرى خەزىنىسىنى تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق سۇزۇك قاشتېشىدەك جۇلالىنىش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق شىجائەت بىلەن ئون ئىككى مۇقام بەدىئىي پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش خىزمىتى قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئون ئىككى مۇقام بەدىئىي سەنئەت پلاستىنكىلىرىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈنئالغۇنى سېتىۋېلىش خىراجىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن



يەنە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زىلىڭ پېيۇنگە ئالاھىدە خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇ خىراجەتنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، 2 مىليون يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈردى. 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھەم 26 ـ كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن مالىيە مىنىستىرى شياڭ خۇەيچېڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ خەت يېزىپ، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 2 مىليون يۈەن قوللاش مەبلىغىگە ئېرىشتى.

مىلىسىز جاپالىق ئىزدىنىش بەدىلىگە قېزىپ چىقىلغان ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ نەپىس ئەل ئىچى سەنئىتىنىڭ بىر دەستە چىرايلىق گۈلىنى دۇنيا سەھنىلىرىدە مەڭگۈ ئېچىلىپ، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىش شا-رائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى ئۇزاق مۇددەتلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ئويلاپ يەتكەن تۆمۈر داۋامەت ئاۋات ناھىيىسى تەۋەلىكىدىن ھەل قىلىنماقچى بولغان 2000 مو يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، باغ ۋارانلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنى غەملەش مەقسىتىدە يەنە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جياڭ ۋېيشىنگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ھەل قىلدى.

2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۆمۈر داۋامەت ئون ئىككى مۇقام دېھقانچىلىق مەيدانى ئەھيا قىلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇ-رۇش ئۈچۈن بېيجىڭدىن ئالايىتەن شىنجاڭغا كېلىپ، مەخسۇس يىغىن ئاچتى. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن يولداش مۇھەممەد ئىسمائىل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزى-پىسىنى ھەمدە ئون ئىككى مۇقام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئاشۇ چاغدىكى دېھقانچى-لىق مەيدانى پەقەت بىر پارچە قاقاس قۇملۇق بىلەن شورلۇق يەرلەرنىڭ قەغەز يۈزىگە سىزىپ چىقىلغان سخېمىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئالتە يىللىق جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق بۇ قاقاس زېمىن ئاخىر دەسلەپكى كۆ-لەمگە ئىگە بولغان زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندى. 2006 ـ يىلدىن كېيىن رەسمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، 2007 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇ ياراتقان كىرىم 600 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. نەچچە يىلدىن كېيىن بەلكىم بۇ مەيداندىن ھەر يىلى يارىتىلىدىغان كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. مانا

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئاسراش ھەم قېزىپ چىقىشنى ئۇزاق مۇددەت ئىقتىسا-
دىي كاپالەت ھەم ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر ياخشى ئامىل بولۇپ قالدى. ئون ئىككى مۇقام دېھقانچى-
لىق مەيدانى ئەھيا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل ئىشنى روياپقا چىقىرىش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ سابىق باش كاتىپى مۇھەممەد ئىسمائىل جاپاغا چىداپ بېرىلىپ ئىشلەپ، نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى، ئاخىرىدا ئۇ-
نۇملۇك ئەجرى بىلەن مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت رازى بولغىدەك ئۈچمەس نەتىجە ياراتتى.


مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئون ئىككى مۇقام بەدىئىي سەنئەت فىلمى نەچچە
مىڭ كەسپىي خادىمنىڭ ئۈچ يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈرەتكە ئېلىنىپ بولدى.
مانا شۇ چاغدا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ قەلبىدە «ئەگەر بۇ بىباھا مەنىۋى مىراسنى دۇنياغا يۈزلەن-
دۈرەلىگەن بولساق، ئۇ دۇنيا غەيرىي ماددىي مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالسا ئاجايىپ قالتىس ئىش بولمامدۇ؟»
دېگەن يەنە بىر ئۇلۇغۋار پىكىر پەيدا بولدى. بۇ مۇقەددەس پىكىر يالغۇز ئون ئىككى مۇقامنى خەلقئارا سەنئەت سو-
رۇنىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك غايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ نىشان-
نى بويلاپ قانات يايدۇرۇلماقچى بولغان خىزمەتلەرنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، ئىلتىماس قىلىش شارائىتىنىڭ ئال-
لىقاچان پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىنمۇ دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئويلاپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى
تۆمۈر داۋامەتنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولۇپ ئۆركەشلىدى.

2002 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى ئىنسانى-
يەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماس»نى بىرلەشكەن
دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا سۇنۇش تەكلىپىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئا-
جايىپ خاسىيەتلىك بۇ مۇھىم ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا روياپقا چىقىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۇ دەرھال
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈن جياجېڭغا خەت يېزىپ، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقامنىڭ دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسى تۇرغۇزۇش ھەققىدىكى قا-
راشلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن بايان قىلدى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنى بۇ خىزمەتنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ باشلام-
چىلىقىدا شىنجاڭ تەرەپتىكىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەش ھەققىدىكى قىممەتلىك تەكلىپلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاكتىپ
ئامىللارنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى
سەۋىيىلىك ئىلتىماس قىلىش دوكلاتىنى تەييارلاپ چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بۇ قېتىملىق ئىلتىماس قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈ-
چى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى رەھبەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بېيجىڭ ھەم شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىز-
مەتلەرنى ئاكتىپ ماسلاشتۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن بېيجىڭدا ئىشلىنىۋاتقان تەييارلىق ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت
بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلتىماس دوكلاتى تەييارلاش پائالىيىتىگە قارىتا يولىيورۇق ھەم
مۇھىم تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى
بىلەن ئاخىر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار كۈچلۈك رەھبەرلىك ئورنى
تەسىس قىلىندى.

ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنى تەييارلاش ئى-
شىغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تېخىمۇ زور ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭ
نەنيۈەن رېستورانىدا ئۆز رىياسەتچىلىكىدە سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى زور ئەھمىيەتكە ئىگە سۆھبەت يى-
غىنىدا تۆمۈر داۋامەت يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى
سۈن جياجېڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ شۇ قېتىمقى سۆزىگە يۈكسەك باھا بەردى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەت-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم تەستىقى بىلەن سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسى رەتلەپ چىقىلىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

ئىلتىماس قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش چېپىپ يۈرگەن شىنجاڭ



خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار زىممىسىدىكى ئىغىر ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپلا قالماستىن، بەلكى
يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلتىماس قىلىش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ، سىنئالغۇغا ئېلىنغان 2200 مىنۇتلۇق سۇرەتلىك دوكلات،
ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان 18 سائەتلىك ئاۋازلىق دوكلات، نەچچە يۈز فوتو سۇرەت قاتارلىقلارنىمۇ رويابقا چىقاردى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك ماقۇللىنىشىدىكى ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن تاللانغان 14 نۇقتىلىق نامزات تۈرلەر دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىل-
غان بەس ـ مۇنازىرە داۋامىدا جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، يىغىن ئىشتىراك-
چىلىرىنى قايىل قىلدى ھەمدە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ بۇ قېتىم دۇنيا غەيرىي ماددىي مىراسلىرى قاتارىغا كىر-
گۈزۈلۈشىنى ئىلتىماس قىلغان بىردىنبىر تۈر نامزاتى بولۇپ تەستىقلاندى ھەمدە 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆ-
لەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا رەسمىي ئىلتىماس قىلىندى. 2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ
كۈنى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى رەسمىي ھالدا 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى غەيرىي
ماددىي مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر» بولۇپ باھالاندى!

مانا مۇشۇنداق قۇتلۇق مىنۇتلاردا تۇمۇر داۋامەتنىڭ خىيالى يەنىمۇ يۇكسەكلىكتە قاناتلاندى، ئويلىغانلىرى تېخى-
مۇ كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئىلتىماس قىلىش تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت
قوغداش، ۋارىسلىق قىلىشتا بېسىلغان بىرىنچى قەدەمدىن ئىبارەت، خالاس. ئون ئىككى مۇقامغا ھەقىقىي ۋارىسلىق
قىلىش ھەم ئۇنى قوغداش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۇل ھەم جاپالىق بىر ۋەزىپە ئىدى. شۇڭا «جۇڭ-
گو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى»نىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قوغداش تۈرىگە مۇناسىۋەتلىك خىراجەتنى تېز
ئۇنۇملۇك ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۇچۇن تۇمۇر داۋامەت 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇيىغا ئالاھىدە خەت يازدى. ۋۇيى زۇڭلى


تۆمۈر داۋامەتنىڭ خىتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەم 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆز قەلىمى بىلەن تەستىق يېزىپ چۈشۈرۈپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق دۆلەت فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشى توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 2007 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن 3 مىليون يۈەن مەبلەغ ھەل قىلدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە تەستىق يېزىپ چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىش، ئورۇنداش كەسپى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئون ئىككى مۇقام ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى بەرپا قىلدى. بۇ ئورۇن ھازىرغا قەدەر دۆلەتكە 40 تىن ئارتۇق ئون ئىككى مۇقام تولۇق كۇرس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. تۆمۈر داۋامەتنىڭ رەھبەرلىكى ھەم غەمخورلۇقى بىلەن سەنئەت ئىنستىتۇتى 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەنە ئون ئىككى مۇقام ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسى (خەلق مەشرەپلىرى ماگىستىرلىق نۇقتىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەسىس قىلدى. مەخسۇس مەشرەپ ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلەيدىغان تولۇق كۇرس سىنىپىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈپ، 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ، رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىۋەتتى. تۆمۈر داۋامەت مۇقام مائارىپىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشتەك خاسىيەتلىك ئىشنى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئاساستا يەنە بىر سىنىپ كۆپەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۈچ سىنىپ ئاساسىدا فاكۇلتېت قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ فاكۇلتېتنى ئۇزاقچە نۇقتىلىق يۆلەشنى تەلەپ قىلدى. مۇنداق بولغاندا ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى ئوقۇشى، تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرغىلى «ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەش بازىسى»نى ئۇزاقچە داۋاملاشتۇرغىلى، شۇنداقلا تەدرىجىي ھالدا ئون ئىككى مۇقام ماگىستىر يېتىشتۈرۈش نۇقتىسىنى بەرپا قىلغىلى، بۇ ساھەدىكى دوكتورلارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولاتتى. جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقام سەنئىتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مول ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئۈچۈن مۇقام سەنئىتى ئوقۇتۇشىغا ئائىت دەرسلىك كىتابلارنى يېزىپ چىققىلى بولاتتى. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئالدىن كۆرەر روھ ـ ھە!

009.

ئون ئىككى مۇقامغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارنى تامامللاپ بولغاندىن كېيىنكى 2006 ـ يىلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا شىنجاڭ بويىچە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئالاھىدە نۇقتا قىلىنغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي قانات يايدۇردى. 2006 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ شەخسەن ئۆزى ئىككى قېتىم قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا باردى، خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنى ئارىلىدى، قەشقەر، كۇچا، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىقىپ، ئالدىراشلىق ئىچىدە قىلغان قۇتلۇق سەپىرىدىن شانلىق ئىزلارنى قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە رەپىتىس قىلىش، سۈرەتكە ئېلىش، نەشر قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت مەسىلىسى توغرۇلۇق ئويلاندى. ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى، گۈزەل ئەخلاقى ھەم تەسىر كۈچىگە تايىنىپ، شەندۇڭ، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىكى كارخانا ـ زاۋۇتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەنە بىر قېتىم 5 مىليوندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلاپ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. خەلق مەشرەپلىرى ئاساس قىلىنغان ئىلتىماسنامە تەييارلاش خىزمىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاشتۇردى.

پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، زىيارەت قىلىش ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەتنىڭ قەلبىدە شىنجاڭ مەشرەپلىرىگە قارىتا يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە پەيدا بولدى. تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا ئەل ئىچى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، ياراملىق ۋارىسلارنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن ئەل ئىچى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئاللىقاچان يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى پىششىق بىلىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ يېشى ئۆلگىيىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئىزباسارلار ئاسا-





سەن يېتىشتۈرۈلمىگەنىدى. ئەگەر جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىلمىسا، بۇ تەۋەررۈك گۆھەرلەر-
نىڭ ھەممىسى تارىخ سەھنىسىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە غايىب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ئېنىق ھېس قىلغان
تۆمۈر داۋامەت ئىچى تىت - تىت بولغان ھەم قايغۇرغان ھالدا: «بىز ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىمىزگە ئالغانمىز، بىز
جەزمەن تارىخ ئالدىدا ھەم ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك!
شۇڭا ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى بىر ئازمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېدى.

2006 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق
ھۆكۈمىتى، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قا-
تارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابدۇرېھىم ھامىد، ئەسقەت كېرىم-
باي، نې ۋېيگو قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تەس-
تىقلاشقا يوللاش مەسلىسى توغرىسىدا كېڭەشتى ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭدىكى
بەش چوڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

2006 - يىلى 5 - ئايدا تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر مەشرەپلىرى-
نى قېزىش، رەتلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىردەك بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىق-
قا كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ھازىرقى باشلىقى) مۇختار مەخسۇت ۋە ۋۇجۇن (ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئىشلىرى-
نى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى) قاتارلىقلار بۇ گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ خاسىيەت-
لىك خىزمەتنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي باشلاندى.

ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تۆمۈر

داۋامەت يەنە بىر نۆۋەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇن جياجېڭغا ئالاھىدە خەت يېزىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا سۇنۇلىدىغان ئېلتىماس توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى سەممىيلىك بىلەن بايان قىلدى، مەدەنىيەت مىنىستىرى سۇن جياجېڭدىن ۋە ئالاقىدار ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى ۋە قوللاشنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سۈرەتكە ئېلىنىدىغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرى بەدىئىي كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەت شۇ چاغدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە مەشرەپنى سۈرەتكە ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش رېژىسسور تاھىرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ئالتايغا ئۆزگىچە مەشرەپ مەنزىرىلىرىنى قېزىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. رېژىسسور تاھىر ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىغا مۇناسىپ ئىش قىلىپ، سەھنە كىيىمى، سەھنە جابدۇقلىرى، مەنزىرە كۆرۈنۈشى ھەم ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتە تامامەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ماس مەشرەپ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ، 60 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاجايىپ يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ ئارقىلىق يوقاپ كەتكىنىگە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن ئۇيغۇر مەشرەپلىرى كۆرۈنۈشلىرىگە قايتىدىن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى ھەمدە ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىششىنى كاپالەتلەندۈردى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ!

تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى، ئۆيۈشتۇرۇشى، بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايغا قەدەر قېزىپ، رەتلەپ چىقىلغان 31 قىسىم مەشرەپ رەسمىي نەشردىن چىقتى.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ئېلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەت بارلىق ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ھېرىپ، ئاچقىنىغا پەسەنت قىلماي بېرىلىپ ئىشلىدى، ئۇ چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ، كىچىك ئىشلارغا قەدەر بولغان ھەر بىر خىزمەت ھالقىلىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئالاقىلەشتى، ماسلاشتۇردى ھەمدە بىر ـ بىرىدىن ئەمەلىيلەشتۈردى. 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ھەققىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، ۋاقتى، قاتنىشىدىغان رەھبەرلەر، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ تىزىملىكى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۇ دەرھال گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئېلان قىلىش ئىشخانىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇردى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ سۈرىيە، قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشى ئۈچۈن كېتىدىغان 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن خىراجەت خام چوتىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنە خەلق مەشرەپلىرىنى ئېلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ كۈننى ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مەشرەپلىرى تارىخىدىكى ھالقىلىق بىر كۈن دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ كۈنى تۆمۈر داۋامەت بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ جۇڭگودىكى كاتىبات باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ئېلتىماس قىلىش كاتتا ئىشى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. تۆمۈر داۋامەت سۆھبەت يىغىنىدا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى، ئارقىدىنلا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سەي ۋۇ نەق مەيداندا قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى جىددىي مەبلەغ ئاجرىتىدىغان تۈرلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا تىزىدىغانلىقىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا ئېلتىماس سۇنۇش خىزمىتىنى رەسمىي تۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىككى كۈن تۆمۈر داۋامەت ئۈچۈن ئۈبىيتقاندا ئەڭ ئالدىراش ھەم ئەڭ جىددىي كەيپىياتتا ئۆتكەن، ئەڭ زور دەرىجىدە خۇشاللانغان ھەم كۆڭلى يايراپ كەتكەن ئىككى كۈن بولدى. 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى نۇقتىلىق تۈرى قاتارىغا رەسمىي كىرگۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەش-



MIRAS

كىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا ئىلتىماس قىلىشنى قارار قىلدى. مۇبادا تۆمۈر داۋامەتنىڭ زور ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى مۇجەسسەملەنگەن بۇ بىباھا مەدەنىي مىراس ھەققىدىكى ئىلتىماس تەستىقلىنىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇ ـ لۇغۋار ئارزۇسى قۇتلۇق رېئاللىققا ئايلانغان بولاتتى!

شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 2000 يىلدىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇ ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى، جېڭكاڭ قانىلى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئۈچ بۈيۈك قۇ ـ رۇلۇش، ئىنشائات مىراسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار جۇڭگو سۇ ئىنشائاتى تەرەققىيات تارىخىدىكى كاتتا مۆجىزە دەپ قارالماقتا.

تۆمۈر داۋامەت تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ سۇپسۈزۈك كارىز سۈيىنى ئىچىپ بالاغەتكە يەتكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، يۇرتىدىكى كارىزلارنى ئاجايىپ ئۇلۇغلايدۇ. بىراق، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى مەلۇم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدە كارىزدىن ئىبارەت بۇ كاتتا مۆجىزىدىن بىزار بولۇش قارىشى شەكىللىنىپ، ئۇلار بىر تەرەپلىمە ھالدا كارىزدىن ۋاز كېچىش باھانىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان تەۋەسىدە ئەسلىدىن بار بولغان 1280 كارىز ئازىيىپ، 400 گە قىسقىراپ كەتتى، توقسۇن ناھىيىسى تەۋە ـ سىدىكى 200 دىن ئارتۇق كارىزمۇ جىددىي قىسقىراپ، ئاران نەچچە ئون ئۆپچۆرىسىدە ساقلىنىپ قالدى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم تۇرپان، قومۇل، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، كارىز ھەققىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلىرىنى باشلىۋەتتى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. كارىزدىن ئىبارەت 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مەنسۇپ بۇ سۇ ئىنشائاتى ساھەسىدىكى قالتىس مۆجىزىنىڭ بىز بۇ دەۋر كىشىلىرى قولىدا يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەجدادلىرىمىز بۈگۈنكى دەۋرگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ قۇتلۇق يالدامىنى گۈللەندۈرۈش ھەم ياشنىتىش، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق دەۋرىمىز ھەم كې ـ يىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ھەممە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كارىز ئىنشائاتىنى

ئاسراش، قوغداش، قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى تۈزۈلدى، قىسقا
غىنە ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش ھەم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كۆ
ڭۈلدىكىدەك ئاسراش چارىلىرى يولغا قويۇلدى، كارىزلار قۇرۇلۇشى دۆلەت سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن بىر
تۇتاش پىلانلىنىش سالاھىيىتىگە ھەم دۆلەتتىن بېرىلىدىغان قەرەللىك قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن قوغداش مەبلىغىگە ئىگە
بولدى، شۇنداقلا قەرەللىك ھالدا دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق كارىز ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆيۈشتۇرۇش پىلانىمۇ
تۈرگۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق ئالاقىدار تارماق، ھەم خىزمەتچى خادىملارنىڭ كارىز قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش، قوغداش
ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارە، تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىلدى. تۇرپان كارىز ئىلمىي
جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەت بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتار-
لىق جايلاردا كۆپ قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆيۈشتۇردى. نەتىجىدە كارىز تەتقىقاتى مۇناسىۋەتلىك رەھ-
بەرلەر بىلەن پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەم قوللىشىغا ئېرىشتى.

كارىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2005 ـ يىلى 4 ـ
ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۆمۈر داۋامەت دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ جياڭغا ئالاھىدە خەت
يېزىپ، بۇ تۈرنىڭ دەسلەپكى يولغا قويۇلىدىغان ئەمەلىي مەشغۇلاتى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ 190 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرى-
تىپ بېرىشىنى، بۇ مەبلەغنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ نەقلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىشنى، يەنى ئالدىنقى ئۈچ يىلدا 60
مىليون بېرىشنى، كېيىنچە ھەر يىلدا 20 مىليون يۈەن بىلەن تەمىنلەشنى ئۆتۈندى، جۈملىدىن قالغان خىراجەتنى ئاپتونوم
رايون بىلەن يەرلىكتىن بىرلىكتە ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. مۇدىر ليۇجياڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن
كېيىن دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى نامىدىن ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا، ئۇلار
ئارقىلىق تۇرپان، قومۇل قاتارلىق ئورۇنلارنىڭمۇ نامىنى ئاتاپ دەرھال تەستىق يېزىپ چۈشۈرۈپ، ئاجرىتىپ بېرىل-
مەكچى بولغان مەخسۇس خىراجەتنى جەزمەن ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى، بۇ تەستىق كارىزلارنى
ئۇزاق مۇددەتلىك قوغداش ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جوڭگو تۇرپان كارىز ئىنشائاتىنى ئىنسانىيەت ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا
كىرگۈزۈش ئىلتىماسى خىزمىتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەت نۇرغۇن قېتىم ئۆزى بىۋاسىتە تۇرپانغا
بېرىپ، تەييارلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، مەخسۇس جوڭگو شىنجاڭ كارىزلىرىنى ئىلتىماس قىلىش ئىشىنى مۇھاكىمە
قىلدى ھەم ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە سەپەرۋەر قىلىشى، پىلانلىشى ئارقىسىدا ئاخىر «كارىز ئىنشائاتى ئىلتىما-
سىنى تەييارلاش مەخسۇس گۇرۇپپىسى» ۋە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىلتىماسقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرى-
ياللارنى تەييارلايدىغان يېزىقچىلىق ئاپپاراتى تەشكىللەندى، ب د ت، مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا سۇنۇل-
دىغان ئىلتىماسنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشكە پولاتتەك ئاساس تۈرگۈزۈلدى.

تۆمۈر داۋامەت يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىي مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش خىزمىتىگە زور تۆھپە قوشۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگىمۇ مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. 1993 ـ يىلى ئۇ مەملىكەتلىك 8 ـ
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقا-
مىنى رەتلەش خىزمىتىنى جىددىي پىلانلاپ ئىشلەشتىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم تۈر ـ «جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مە-
دەنىيىتى كاتتا لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئېلىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىچىدە
ئۆزىگە خاس پارلاق نەتىجىلەر بىلەن يېگانە ھالدا جىلۋىلىنىپ، نۇر چېچىۋاتقان شانلىق جوڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئېلىمىزدى-
كى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەر بىر مىللەت ئۆز نۆۋىتىدە
پارلاق جوڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. يەنىمۇ كۆپلىگەن چەت ئەللىك دوستلارنى
ئېلىمىزنى، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى

كۆڭلىگە چىلىك يۈككەن تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى بوشاشماي تۇتۇش بىلەن بىرگە «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت كاتتا لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىقىش، تەشكىللەش خىزمىتىنىمۇ كەسكىنلىك بىلەن بىر قوللۇق تۇتۇپ ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى، بۇ دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئىدى.

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت كاتتا لۇغىتى»دىن ئىبارەت بۇ قالتىس، ئەمما ئاجايىپ زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇشنى روياپقا چىقىرىش جەريانىدا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى مېڭىشقا، زور جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىشكە، كۆپلەپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلدى. تۆمۈر داۋامەت ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ، نەچچە يۈز ئالىم ـ مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ ھەم ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، ھەممەيلەن بىلەن بىر نىيەتتە تۆت يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىر جۇڭگودىكى 55 قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر 25 مىڭدىن ئارتۇق ئاتالغۇ ـ ئىزاھاتلار كىرگۈزۈلگەن بەش توملۇق، 5 مىليون خەتلىك «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت كاتتا لۇغىتى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نەشر قىلدۇردى. پۈتۈن لۇغەت شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل رايونلىرى تومى، غەربىي جەنۇب رايونلىرى تومى، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرى تومى، غەربىي شىمال رايونلىرى تومى ۋە ئۇنىۋېرسال توم قاتارلىق بەش تومغا بۆلۈنگەن.

تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ ئىنتايىن زور. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمى جەريانىدا ئۇ ھېچقانداق ئادەم ئورۇنلاپ باقمىغان غايەت چوڭ نەتىجىلەرنى ياراتتى.

ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»نى 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، سىياسىيون يۇسۇپ خاس ھاجىپ 50 ياشقا توشقان چېغىدا، يەنى مىلادى 1069 ـ، 1070 ـ يىللىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ھەجىملىك، نامايەندە خاراكتېرلىك يېگانە شاھانە ئەسەر سۈپىتىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇ ئۆلمەس، يېگانە ئەسەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا رۇس، تۈرك، گېرمان، فرانسۇز، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنياۋى خاراكتېردىكى كاتتا ئەسەرگە ئايلانغانىدى. ئەپسۇسكى تاكى 1970 ـ يىلغا كەلگىچە ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شەرھلىنىپ، يېشىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى، مۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن يېرىم قىلدى، ئۇنى چوڭقۇر ئارزۇ ـ ئارمانلار قاينىمىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

1973 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا خەت يېزىپ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، نەشر قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇ چاغدىكى شۇجىسى يولداش ۋاڭ فېڭنىڭ دوكلاتنى تەستىقلىغاندىن كېيىن شاھانە داستان «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇش رەسمىي باشلاندى. تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېتەكچىلىكى ھەم كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئون نەچچە مۇتەخەسسىسنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىزدىنىشى ئارقىلىق 800 نەچچە بەت، 200 مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى ئەدەبىيات ھەم پەلسەپە بىلىملىرى مۇجەسسەملەشكەن بۇ يېگانە ئەسەر 16 فورماتتا ئاجايىپ نەپىس نەشر قىلىندى. 1985 ـ، 1986 ـ يىللىرى ئۇ يەنە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمىسىنى تەييارلاشنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەنزۇچە نەشرىنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ھەم كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شاھانە ئەسەر «قوتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەسرىي ھەم نەزمىي يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشى ئېلىمىز مەدەنىي مىراسلىرى ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلىرىغا زور تۆھپە

قوشتى، ئىلمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ
ئالىم، ئەدىب، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس هاجىپنى خاتىرىلەش يۇزىسىدىن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كاتتا مۇهاكىمە يىغىندـ
نى هەم ئۇنىڭ زىيارەتگاهىنى تەمىر قىلىش ئىشىنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەت 1988 ـ
يىلى 8 ـ ئايدا يەنە 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ قەبرىسى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈپ ياساپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغ
مۇقام ئۇستازى، شائىرى، مۇزىكا ئالىمى خانىش ئامانىنساخاننىڭ تارىخىي تۆهپىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۆمۈر داۋامەت
1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم هەم خەلق هۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشىغا تايىنىپ، هۆكۈمەت ماـ
لىيىسىدىن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن هەل قىلىپ، ئامانىنساخاننىڭ يۇرتى يەكەندە ئۇنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساتتى هەم
هەيكىلىنى تۇرغۇزدى. 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەكەن ناهىيىسىنىڭ تارىخىدىن ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك كۈن سۈپەـ
تىدە ئورۇن ئالدى. بۇ كۈن يەنە شىنجاڭ تارىخىدىمۇ ئەبەدىي ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولۇپ قالدى. يەكەن ناهىيە بازىرى،
ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بۇ يەرگە يىغىلغان ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ هەممىسى تولۇپ
تاشقان ئىپتىخارلىق هېسسىياتى بىلەن ئامانىنساخان هەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 11 ـ ئەسىردە، يەنى مىلادى 1072 ـ، 1074 ـ يىللاردا مەشهۇر ئۇيغۇر ئالىمى، ئاتاقلىق
تىلشۇناس مەهمۇد كاشغەرىي يېزىپ چىققان كاتتا ئەسەر؛ ئۇ ئىلمىز تارىخىدا قەدىمكى تۈركىي تىللارنى تۇنجى قېتىم
ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاهلاپ يېشىپ بەرگەن يىرىك لۇغەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىياـ
نىڭ ئومۇمىي ئەهۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنسىكلوپېدىيىدۇر. هازىرغا قەدەر بۇ كاتتا لۇغەت دۇنيا مىقياسىدا ئەرەب،
ئىنگلىز، ياپون، گېرمان، تۈرك، ئۆزبېك قاتارلىق ئون نەچچە تىلدا نەشر قىلىندى.

1986 ـ يىلى تۆمۈر داۋامەت مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى خەنزۇچە نەشر قىلدۇـ
رۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تىلشۇناسلىققا ئائىت گىگانت ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»ـ
نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاهلىق نۇسخىسى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلاشنى ئۇـ
يۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە هەم خەنزۇچە نۇسخىسى بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىنىپ
تارقىتىلدى.

بىز بۇ ئۆلمەس مەدەنىي مىراسلارنىڭ هازىرقى قىممىتىنى ۋە كەلگۈسىدىكى قىممىتىنى مۇۋاپىق مۆلچەرلىيەلمەيمىز
هەم هېسابلاپ چىقالمايمىز؛ ئۇلارنىڭ هەممىسىنى ساناق سانلارغا تايىنىپ هېسابلاپ چىقىشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!
هالبۇكى، تۆمۈر داۋامەت مۇشۇ ئىشلارنى ئۇيۇشتۇرغان هەم ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ بېجىرگەن چاغدا، مەيلى ئۇ
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن بولسۇن ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي دائىرىدىكى ئاساسلىق خىزمىتىگە، مەركەـ
زىي خىزمەتلەرگە قىلچە تەسىر يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا
بىر تەرەپ قىلغان ئاساستا قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، ئاجايىپ پىداكارلىق بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. ئالەمدىن
ئۆتكەن سانسىز ئەجدادلارنىڭ روهى يۇقىرىقى قۇتلۇق ئەمەلىي خىزمەتلەردىن سۆيۈنۈپ ئەمىن تاپقاندا، بۈگۈنكى
دەۋر كىشىلىرى بۇ پارلاق مەدەنىيەت نېسىپ قىلغان شان ـ شەرەپتىن ئىپتىخارلىق هېس قىلغاندا، كېيىنكى ئەۋلادلار
پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن بۇ نۇرانە مەشئەلنى ئالدىنقىلارنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ هەممىسى
بارلىقىنى بېغىشلاپ، قالتىس تۆهپىلەرنى ياراتقان ئاشۇ كىشىنى سېغىنىپ ئەسكە ئالىدۇ. ئۇ كىشى دەل خەلق ئاممىسى
چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەن ئەزىمەت ـ تۆمۈر داۋامەتتۇر!

**مۇهەممەدئىمىن ۋاهىت تەرجىمىسى**



# قىزلار تەربىيىسى

ئەلي نەزىما

مۇھەررىردىن:
قىزلار ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش، ئۆي تۇتۇش، ئۆي ئىشلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىش، كىيىنىلىكنى، ئا-
نىلىقنى لايىقىدا ئادا قىلىش، ئومۇمەن ئائىللىق ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق بېجىرىش ئۈچۈن نېمىلەرنى بىلىشى كېرەك؟
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان تۈركىيە ئالىمى ئەلي نەزىمانىڭ
«قىزلار تەربىيىسى» ناملىق بۇ كىتابىدىن ئەنە شۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشىڭىز مۇمكىن.

### ئۆي تۇتۇشنى بىلىش

قىلىچ تۇتقان سەركەردىدىن يىڭنە تۇتقان ئايال ئار-
تۇقتۇر.

(شەرق ھېكمەتلىرىدىن)

ئۆي ئىشلىرى، ئۆيدىكى ئەزالارغا قاراش، تېگىدىن
ئېيتقاندا بىر ھۈنەر بولۇپ، بۇ خوتۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى
بولغانلىقى ئۈچۈن، ياش قىزلارنىڭ تۇنجى بولۇپ ئۇنى
ئۆگىنىشكە كىرىشىشى زۆرۈردۇر، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر
ھۈنەردۇر.

بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت، مۇمكىن قەدەر
ئاز خىراجەت بىلەن كۆپ بايلىق ۋە مال تاپقانغا
ئوخشاش، بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن خوتۇن ئۆز نۆۋىتىدە
چىۋەرلىك بىلەن ئىش قىلىشنى، ئېھتىياتچانلىق، پاكلىق،
كۆركەم تەرتىپ، ئىشچانلىق، ئۆينىڭ پايدىسىغا تىرىششقا
ئوخشاش بىر نەچچە خاسىيەتلەرنىمۇ بىلىۋالالايدۇ.

بىز بۇ يەردە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خاسىيەتلەرنىڭ
بىرىنچىسى بولغان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش تۇتۇش
ۋە ئائىلە كىرىم ـ چىقىمى توغرىسىدا سۆزلەيمىز. ئۆيىڭىز-
دە مۇكەممەل بىر قائىدە ـ تۈزۈم بولۇشنى خالامسىز؟
ئۇنداق بولسا تۆۋەندىكى نەسىھەتلەرنى ئاڭلاڭ:

ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە بىر ھېساب دەپتىرى تۇتۇ-
ۋېلىڭ. ئەگەر ئېنىق بولسا، كىرىمىڭىزنىڭ ھەممىسنى شۇ
دەپتەرگە يېزىڭ. ئاندىن بىر يىلدا قانچە خىراجەت قىلىش
كېرەك بولىدۇ، شۇنى يېزىڭ، لېكىن كىرىمىڭىزنى يازغان-
دا باي بولمىسىڭىز، كەلگۈسىدە ناھايىتى باي بولۇش ئۈ-
مىدى بىلەن ھېساباتتا يېڭىلىشمەسلىككە ھەرىكەت قىلىڭ.

خىراجىتىڭىزنى ئۈمىد قىلغىنىڭىزدىكىدەك ئەمەس، قولىڭىزدىكى بايلىقىڭىزغا قاراپ سەرپ قىلىڭ. بىر يىل ئىچىدە قانچىلىك ئىقتىساد قىلالىغانلىقىڭىزنى بىلسىڭىز، پېقىرلارغا بېرىدىغان ياردىمىڭىزنىمۇ ئۇنتۇماڭ، شۇندىلا ئايدا ياكى كۈندە قانچە پۇل خەجلىگەنلىكىڭىزنى بىلەسىز، كىرىمىڭىزنى ھېسابلىغاندىن كېيىن (ئەگەر بولسا) يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە خەجلەيدىغان خىراجىتىڭىزنى تەييارلاپ قويۇڭ ھەم ئۇنى خەجلىۋەتمەسلىككە تىرىشىڭ. ئەگەر كىرىۋاتقان كىرىمىڭىز چىقىمىڭىزغا يەتمىسە، ئىشلەپ پۇل تېپىڭ. بىر كىشى خەجلەيدىغان نەرسىسى بولمىغانلىقى بىلەنلا پېقىر بولۇپ قالمايدۇ، ئىشلىمىگەنلىكى بىلەن پېقىر بولۇپ قالىدۇ، ئىش تىرىشقان كىشىنى ھەر ۋاقىت تەربىيە قىلىدۇ، ساقلايدۇ. ئەگەر ئارتۇق چىقىملىرىڭىز بىلەن يانچۇقىڭىزدىن چىقىپ تۇرغان بىھۇدە پۇللارنىڭ كۆزىگە قارىمىسىڭىز، تەبىئىي ھالدا قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇسىز ۋە پۇت ـ قولىڭىز باغلانغان قەرزدارغا ئايلىنىسىز، بۇ چاغدا سىزگە كۆپ زىيان بولىدۇ. ئۆي تۇتقاندا كىچىككىنە قەرزمۇ كېيىمدىكى يىرتىققا ئوخشايدۇ. ھازىرچە ئانچە كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمىسىمۇ، يامالمىسا بارا ـ بارا چوڭىيىدۇ، ھاسىلكالام شۇكى، كۈچىڭىز يەتكىچە قەرزنى تۆلىۋېتىڭ، ياخشى قىلغان بولۇرسىز.

ئەمدى سىز تۇتقان خىراجەت دەپتىرىدىن سۆز قىلايلى. بىر ئۆيدە ئۆي بېشى بولغان خوتۇن تۇتۇلغان خىراجەت دەپتىرىگە كۈندىكىنى كۈندە يېزىپ قويىدۇ، مىڭ تۈرلۈك مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە بولسىمۇ، بىر كۈن ئىچىدە تۇتۇلغان پۇلنى كىچىككىنە دەپتەرگە يېزىپ قويماي، ئۇيقىسىراپ ئولتۇرماسلىققا ئادەتلىنىش لازىم. ئۆي بېشى بولغان خوتۇن غەپلەتتە قېلىپ، تۇتقان خىراجىتىنى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇماسلىقى ئۈچۈن مەزكۇر دەپتەرنى ھۇجرىسىدا، كۆز ئالدىدا، ياخشىسى يانچۇقىدا ئېلىپ يۈرۈشى لازىم. قايسى ۋاقىتتا ئۆي تۇتۇشقا، ئىشنى ئىنچىكىلەپ ئىشلەشكە تىرىشمىغان خوتۇنلارنىڭ: «كىشى سەرپ قىلغان خىراجىتىنى كۈندىكىنى كۈندە دەپتەرگە يېزىپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، قانچە تۇتۇلغىنىنى كۆرۈپ قورقۇش ئۈچۈنمۇ، تۇتۇلغىنى ئۈچۈن يازغان نەرسە قايتا ئورنىغا كەلمەيدۇ»، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرساقمۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە توغرا پىكىر ئەمەستۇر، بۇنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىشى قىلغان چىقىملىرىنى يېزىپ قويسا، چۆنتىكىدىن چىققان پۇلنىڭ سانىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بىر ھەپتە ئارىسىدا تۇتۇلغان پۇلنىڭ سانى شۇ ھەپتىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك مىقداردىن ئاشسا، پۇلنى قىسىپ خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. كېيىن ئېرى غەللىدە خەجلەيدىغان ئاقچا قالمىغىنىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنسە، ئۆي تۇتقۇچى خوتۇن ئۇنىڭغا سېتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ۋە بۇلارغا كەتكەن پۇل بىلەن يېمەك ـ ئىچمەككە كەتكەن پۇللارنىڭ سانىنى يازغان دەپتىرىنى كۆرسىتىپ قويسا بولىدۇ. تەجرىبىلىك خوتۇن قىلغان خىراجىتىنىڭ تۈرى بويىچە دەپتەردە ئايرىم بەت ئاچىدۇ. مەسىلەن، كىيىم ـ كېچەك، نان، گۆش، ئۇن، گۈرۈچ، ياغ ۋە باشقىلار ئۈچۈن مەخسۇس بەتلەرنى ئاجرىتىدۇ. يىل توشقاندىن كېيىن ھەممىسىنى جەملەپ ھېسابلاپ چىقىدۇ، بىر ياقتا كىرىم، يەنە بىر ياقتا چىقىم يېزىلغان بولىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ئايال (ئائىلە ئەزالىرى) ئۈچۈن خۇشاللىق ياكى خاپىلىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر چىقىمى كىرىمىدىن ئارتۇق بولسا، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۆيى ناھايىتى تېز خارابلىققا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە چىقسا، كىرىمىنىڭ چىقىمىدىن ئاشقىنى قولىدا قالغان بولسا، ئېرى ياكى بالىلىرى ئۈچۈن بىرەر كېرەكلىك نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا بىردىن ـ بىردىن تۇتۇپ يىغقان پۇلى ئۇنىڭغا يەتسە قانداق ياخشى. «كىرىمدىن ئارتۇق چىقىم قىلىش ئەقىلسىز كىشىنىڭ ئىشى، كىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ يېتىۋېلىشمۇ ئەقىلسىزنىڭ ئىشى، ئورۇنسىز چىقىمنى ئاز قىلىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشىدۇر» دېگەن ئادەملەر ناھايىتى توغرا ئېيتقان. كىرىم بىلەن چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئەر بىلەن خوتۇن بىر قارارغا كېلىۋالىدۇ. ئەگەر كىرىم ۋە چىقىمدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلسە، ئۆيدە قىلىنغان چىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن چىقىرىۋېلىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىدۇ، ھەر ئىككىسى كېرەك بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىقنى، زۆرۈر بولمىغاندا پۇل خەجلىمەسلىكنى قارار قىلىدۇ، بۇ كەمچىلىكنى كېلەر يىلى كىرگەن كىرىمدىن ئاشقىنى بىلەن تولۇقلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ.


خانىم ـ قىزلار، سىلەرمۇ نەق شۇنداق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىڭلار، سىلەرمۇ قايسىدۇر چىقىملارنى ياكى بولمىسا كېيىنىشكە، زىننەتكە، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا

بېرىلگەن پۇلنى، كۆڭۈلۈك چىقىملارنى كىچىككىنە دەپتەرگە يېزىپ قويۇپ، ياش ۋاقىتىڭلاردىن باشلاپ ھېسابات قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

### خوتۇنلارغا ئىلىم ۋە تەربىيە ئۆگىتىش

خوتۇنلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشى، بىلىملىك بولۇشى ياخشىمۇ ياكى بولمىسا ئۆي تۇتۇش توغرىسىدا لازىم بولغان، ئۇنى قىلالماسلىق مۇمكىن بولمىغان بىر نەچچە خىزمەتلەرنى ئۆگىنىشتىن باشقا مەلۇماتى بولمىغىنىمۇ، زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ سوئال خوتۇنلارنى خارلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇشبۇ رەۋىشتە جاۋاب بېرىمىز. ياش بىر قىز توغرا، مۇستەھكەم، كەڭ، ھەتتا يېشى توشقان بولسا، تولۇق تەلىم - تەربىيە كۆرسۇن، ئەقلىنىڭ قۇۋۋىتىنى، زېھنىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە قىزغىنىلمىسۇن. ئادەملەر يەرگە ئوخشاش ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلسە، چاتاللىمىغان دەرەخ پۈتىقىغا ئوخشاش قالايمىقان يېتىلىپ قالىدۇ. ئەرلەرگە ئوخشاش خوتۇنلارمۇ ئەقىل، قائىدە - يوسۇن بىلىش ئۈچۈن ياكى بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئىرادە ۋە ئىزگۈلۈك ئىگىلىرىدۇر.

شۇنداق بولغاچقا ھېچنەرسە ئۆگەنمەي، پەقەت ئۆيدە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئاسان بولۇرمۇ؟ خوتۇنلار قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەر بىرى بۇ ھاياتنىڭ نېگىزىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ، ئۆيلەرنى خاراب قىلغان ياكى ياخشى تۇتقان، ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئورنىغا قويغان، ئائىلە ئەزالىرىغا ئاللاقدار ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى لايىقىدا قىلغان خوتۇنلار ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئىلىم ئۆگەنگەن، تەربىيە كۆرگەن بىر قىزنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ياخشى ۋە لايىقىدا بېجىرەلىشىگە ئىشىنىش كېرەكتۇر. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى، سالامەتلىكى ۋە ئائىلىقىنىڭ، ھەمراھلىقىنىڭ ئادا قىلىنىشى، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشى ئۈچۈن قىزلارغا مۇستەھكەم ۋە توغرا بولغان ئىلىم، تەربىيە ئۆگىتىش لازىمدۇر. ئەمدى خانىم - قىزلارغا ئېيتىمىز: تىرىشىڭ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي، ئەقىل ۋە زېھنىڭىزنى ئۆتكۈر قىلىڭ. بۇ ئىككى شەرت بەلەندۇر: بىرىنچىسى، ئوقۇغانلىرىڭىز ۋە بىلىمىڭىز زىممىڭىزدىكى ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان قىزلىق، خوتۇنلۇق، ياش ئانىلىققا ئوخشاش ئىشلىرىڭىزغا ھېچقانداق كەمچىلىك كەلتۈرمىسۇن؛ ئىككىنچىسى شۇكى، بىلگەن نەرسىلىرىڭىز ئۈچۈن ھېچقاچان مەغرۇر بولماڭ ۋە يەنە ئۆگىنىشكە تىرىشىڭ، بۇ ئىككى شەرتنى بېجىرەلىسىڭىز، ئائىلىدىمۇ كامال ئىگىلىرىدىن بولۇرسىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم سىزنى ئەيىبكە بۇيرۇيالمايدۇ.



### كىتاب ئوقۇش

كىتاب ئوقۇش ئەڭ ھۇزۇرلۇق، ئەڭ گۈزەل ئادەتلەردىن بىرى بولۇپ، زېھنىنى ئاشۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەت ھاسىل قىلىش، ئومۇمەن ئىلىم، تەربىيە ئۆگىنىش ئۈچۈن ناھايىتى كېرەكلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. بىر ياخشى كىتاب ئوقۇش بىلەن قايغۇلار تارقىلىدۇ، لېكىن ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، بىزنىڭ ئۈچۈن توغرا ۋە دۇرۇس كىتابلارنى كۆرۈشتىن پايدىلىقراق ھېچ نەرسە يوق. ئەگەر ياخشى كىتاب قانداق تاللىنىدۇ دەپ سورىسىڭىز، سىزگە شۇنداق جاۋاب بېرىمىز: زېھنىڭىزنى تۈزەتكەن، كېرەكلىك ئىشلىرىمىزنى بىزلەرگە بىلدۈرگەن

ۋە سەزدۇرگەن، بىزنى ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندىگەن كىتاب ياخشى كىتابتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بىزگە بۇزۇق پىكىرلەرنى ئۆگىتىدىغان، ياۋۇز - يامان خۇلقلارنى ياخشى خۇلقلارغا ئوخشاش كۆرسىتىدىغان، بىزنى يالغان ئويلارغا باشلاپ، توغرا ئويلاردىن چالغىتىدىغان كىتاب بولسا يامان كىتابتۇر. ئۇنى تېزلا قولدىن چۈشۈرۈش كېرەك. بىراق ياش قىزلار ئائىلىرىدىن يوشۇرۇن ئوقۇش نىيىتىدە بولغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇشقا بولمايدۇ. ياش خانىم - قىزلار، ئەگەر مەندىن قانداق كىتاب ئوقۇش كېرەك دەپ سورىساڭلار، سىلەرگە شۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «ھەرقانداق مۇئەللىپىنىڭ ئىلمىي ئەدەپ ۋە ئەخلاقتا ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇڭ، ئۇنداق كىتابلارنىڭ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پايدىلىرى باردۇر.»

## ئۆي تۇتۇش ئىلمى

ئۆينىڭ ئىچى خوتۇنلارغا تاپشۇرۇلغاندۇر. ئۇ يەردە زۆرۈر بولغان ئىشلارنى ئۆگەنمىسە، ئىشنىڭ بېشىدىلا ئادىشىپ قالىدۇ، بۇ ئىشلار خوتۇن ئۈچۈن پايدىلىق ۋە قەدرىنى ئاشۇرىدىغان بىر پەن بولۇپ، ئۇ بىر قانچە ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىزنى كەلگۈسى كۈندە ئويلاپ، بىلىپ ئىشلەشكە ئۆگىتىپ تۇرغان پەن ئۆي تۇتۇشنى بىلىش پەنىدۇر، ئۆينىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى خوتۇن ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە ئۈستىگە بىنا قىلىنىشى لازىمدۇر.

خوتۇن تاماقنىڭ قانداق تەييارلىنىدىغانلىقىنى، داستىخاننىڭ قانداق سېلىنىدىغانلىقىنى، بىر ئۆينىڭ كېرەك نەرسىلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى، يېپىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قانداق ھەق بىلەن ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئۆي ئەزالىرىغا قانچىلىك تاماقنىڭ يېتىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر قانچە ئىشلارنى بىلىشى لازىم. بەزى يەرلەردە قىممەت سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى يەنە بەزى يەرلەردە ئەرزان سېتىۋېلىشنى ئۆگىنىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. خوتۇن ھېچقاچان تاماق پىشۇرۇشتىن، كىيىم تىكىشتىن، كىر يۇيۇشتىن، ئۆينىڭ ئىچىنى تازىلاپ، چاڭلارنى سۈرتۈشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئۆينىڭ رىزقلىرىنى، كېرەكلىك ئەسۋابلىرىنى ھازىرلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى، ئائىلە ئەزالىرىغا مۇئەللىم، كېسەلگە قارىغۇچى، باشقىچە ئېيتقاندا بىمارنىڭ خىزمەتچىسىدۇر. ئالىملاردىن بىرى يازغان كىتابىدا شۇنداق دېگەن: «ياش قىزلارنىڭ زېھنىنى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر بىلەن ئۆستۈرۈڭ، ئۇلارغا ئۆي ئىشلىرىنى ئۆگىتىڭ، ئۇلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۆي تۇتۇشقا، ھېساب - كىتابقا، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا، نېمىنىڭ زىيانلىق، پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ». يەنە بىر ئالىممۇ بۇلار ھەققىدە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر يازغان. ئېيتقانكى: «ياش قىزلارغا كىچىك چېغىدىلا ئۆيدە قىلىنىدىغان ھەر بىر ئىشنى كۆرسىتىش لازىمدۇر، ئىش كۆرە - كۆرە ئۆگىنىلىدۇ». ئۇلارغا ئۆي ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كېرەك بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنى قانداق ساقلاش قائىدىلىرىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى، ئىشلىتىۋاتقان قاچا - قۇچا، قاپچۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. قىزلارنى ئۆي ئىشلىرىغا قولىنى ئۆگىتىش ئۆزلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈكىنى: شاپتۇلنى ئاناردىن، ئۆرۈكنى ئەنجۈردىن پەرقلەندۈرۈشتە كۆرۈنىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتىنى، قىش كۈنى مېۋە ساقلاشنى، ئوزۇقلارنىڭ، جابدۇقلارنىڭ ھازىرلىنىپ تۇرغان ۋاقتىنى ئۆگىتىش كېرەك. خانىم - قىزلار بىر ئۆي جامائەسى ئىچىدە ئىشلارنى بىلىپ، قۇربى يەتكىنىچە قىلىشنى، ئەقىل ئىشلىتىشنى ۋە نەرسىلەرنى جايىدا تۇتۇشنى بىلسە، ئۇلاردىن قىممەتلىك، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك كىشى تېپىلمايدۇ. ئەنە شۇ تەرىزدە يېتىلگەن بۇ قىز بالا ئاتا - ئانىسىنى شاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەيرۇ - دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ، بۇنداق خانىمنىڭ ئېرىمۇ ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك بولىدۇ. بۇنداق ئانا بالىلىرىنىڭ چەكسىز ھۆرمەت، ئۇلۇغلاشلىرىغا سازاۋەر بولىدۇ، بۇنداق ئۆي بېشى خوتۇن خىزمەت ئىگىلىرىنىڭ قېشىدا ئېتىبارلىقتۇر.

## زىبۇ - زىننەت، كىيىنىش، ياسىنىش ۋە گىرىم قىلىش

بىزلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ خوتۇنلارنىڭ ياسىنىش، گىرىم قىلىشقا چەكسىز بېرىلىشى، كىيىنىشكە ھەددىدىن ئارتۇق مەپتۇن بولۇشىدۇر. بۇنداق ئەيىبى بار خوتۇن ئاخىر خەتەرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاقىۋەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان خىراجەتلەرنى قىلىشقا، ئۆينىڭ ۋەيران بولۇشىغا

سەۋەب بولىدۇ. دوستلار ھەيرانلىقتا، ئاتا ـ ئانا ئۇمىد-
سىزلىكتە قالىدۇ. ئىشلار ياخشى بولۇپ تۇرۇپ، ئەر
بىلەن خوتۇن ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولۇپ تۇرۇپ،
ھېچبىر كىشىنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغان بۇ پاجىئەنىڭ سە-
ۋەبلىرى ئەسكە كېلىدۇ... ئۆينىڭ ۋەيران بولۇش سەۋە-
بىنى ئاتا بىلەن ئانىسىدىن سوراڭ. بۇ توغرىسىدا سىزگە
جاۋاب بېرەلەيدىغىنى پەقەتلا شۇلاردۇر. ئۆينىڭ ۋەيران
بولۇشىغا ئايالنىڭ پوزۇر كىيىنىشكە ئادەتتىن تاشقىرى بې-
رىلىپ كېتىشىدىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب يوقتۇر. بىراۋ-
نىڭ ئۈستىدە يېڭى پاسوندا بىر كىيىم كۆردىمۇ، ئۇنىڭ-
دىن ئۆزىگە تىكتۈرمىسە زادىلا تۇرالمايدۇ. دۇكاندا بىر
ياخشى رەخت بارلىقىنى ئاڭلىدىمۇ، قانداق قىلىپ بولسى-
مۇ، بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر كىيىملىك ئالماستىن
كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ تاپقان
پۇلى خوتۇنىنىڭ ئاشۇ ئارزۇلىرىغا خىزمەت قىلىشتىن
باشقا بىر نەرسىگە يارىمايدۇ. قايسى خوتۇنلار ئۈچۈن
لېنتىدىن قانداق شەكىلدە بانتىك ياسىلىشى، كۆڭلەكنىڭ
قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ياكى باش، چاچ زىننەت-
لىرىنىڭ قانداق قويۇلىدىغانلىقى ئەڭ كېرەكلىك بىر ئىش
سۈپىتىدە تۇتۇلغان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ كۆپرەك قىسمى
بىر نەچچە پايدىسىز ۋە كېرەككە كەلمەيدىغان نەرسىلەر
بىلەن يوقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئويلانسا، ئادەم بۇنىڭ-
دىن چۆچۈمەي قالمايدۇ. ئەگەر خوتۇنلار ئۈچىسىدا
قىممەت باھالىق كىيىم ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرى بىلەن ھەر
كىمنى ھەيران قالدۇرماقچى بولسا، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن
ئالدانغان بولىدۇ. ئەگەر باشلىرىغا تاقىغان زىننەتلىرى ۋە
كىيىملىرىنىڭ پاسونى چىرايلىق بولسا، بۇنىڭدىكى نەتىجە
ئاشۇ كىيىملەرنى تىككەن تىككۈچى خوتۇنغا مەنسۇپ بو-
لىدۇ. ئەتراپتىكىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن مودا
قوغلىشىش ۋە كىيىنىش بالاسىغا پېتىپ قالغان خوتۇنلار
ئەمەلىيەتتە غايەت يامان يولغا كىرىپ قالغان بولىدۇ.
سىزگە زىيان كەلتۈرۈشتىن ۋە سىزنى خەلقنىڭ يامان خى-
ياللىرىغا چۈشۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى كۆرۈن-
مىگەن، ھالىڭىز، قۇربىڭىزدىن ئارتۇق تەكەللۇپلۇق كىيى-
نىشكە قىزىقمىسىڭىز، ھەركىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرى-
شىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قەدرىنى ساقلىغان بولۇرسىز. كىيىم
توغرىسىدا شۇ يولدىن يىراقلاشماسلىق كېرەك. يېشىغا،
ئورنىغا ۋە ھالىغا يارىشا كىيىنىش، بىر زېرەك خوتۇن

پۈتۈن خەلققە كۈلكە بولماي، ئادەتتىن تاشقىرى، خۇسۇ-
سەن، ھەممە جىنسداشلىرىدىن يۇقىرى تۇرۇشقا ھەرىكەت
قىلماي، ئىمكانىيىتى يەتكەن كىيىمگە قانائەتلىنىسىلا بولى-
دۇ. ئاڭلىق ۋە بىلىملىك خوتۇننىڭ ئاڭلىقلىقىنىڭ ئالامىتى
كىيىملىرىنىڭ يارىشىملىق ۋە پاكىز بولۇشتىن ئىبارەتتۇر-
كى، بۇ ھېچقاچان گۈزەللىك ۋە ياسىنىشنى چەتكە قاقماي-
دۇ. ئېسىمگە كەلگەندە شۇنىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي، كەچتە
قائىدە بويىچە كىيىشنى ۋە كۈندۈزى چاچلىرى سالۋارد-
غان، كۆڭلەكلىرى يىرتىق، سۆكۈلگەن بولۇپ، كۆپىنچە
كېچىلىك كىيىملەر بىلەن يۈرۈشنى ئادەت قىلغان خوتۇن-
لارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكى بىلىنمەكتە. بۇمۇ ناھايىتى زور
ئەيىبتۇر (ئاخشىمى تىياتىرغا ئوخشاش ئورۇنلارغا بېرىش
ئۈچۈن مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىش مۇۋاپىق. بىزدە
بۇنىڭ ئورنىغا مەجلىسلەرگە بارغاندا تاشلاندۇق كىيىمل-
رىمىزنى كىيىپ، فازىل مۆھتەرەم مۇھەررىر رىزائۇددىن
جانابلىرى ئېيتقاندەك، ئەرلىرىمىز يېنىدا مورا تازىلىغۇچى-
لارغا ئوخشاش يۈرۈش ئادەتتۇر). ياش قىزلارنىڭ ئور-
نىدىن تۇرا ـ تۇرمايلا چاچلىرىنى تاراپ تۈزۈشىگە ۋە
كۈندۈز ئۈچۈن ئۈچىسىدا بېجىرىم، رەتلىك، پاكىز،
ئۆيدە كىيىپ تۇرغان كىيىملىرىنى كىيىشكە ئادەتلىنىشى
لازىمدۇر.

## تەرتىپلىك ئىشلەش ۋە تەرتىپسىز ئىشلەش

ھەرقانداق نەرسىنى جايىغا كەلتۈرۈپ، تەرتىپ
بىلەن ئىشلەشنىڭ ئۈچ پايدىسى باردۇر: زېھىن ئېچىلىدۇ،
ۋاقىت بوش ئۆتمەيدۇ، نەرسىلەرنى ياخشى ساقلىغىلى بو-
لىدۇ. تەرتىپسىز ئىشلەشنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك زىيىنى
باردۇر: ئىشتىن بېزىش، سەۋرسىزلىك، ۋاقىتنىڭ بىھۇدە
ئۆتۈشى. لايىقىدا ئىشلەش ئۈچۈن ئۈچ ياردەمچى كې-
رەكتۇر: ھەۋەس بىلەن ئىشلەش، ياخشى ئىشلەشكە تىرى-
شىش، ماھىرلىق. تەرتىپسىز، ئورۇنسىز ئىشلەشكىمۇ ئۈچ
تۈرلۈك قىزىقتۇرغۇچى باردۇر: ئالدىراقسانلىق، ھۇرۇن-
لۇق، غاپىللىق. كۆپ ھاللاردا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان
ئىككى قىز ئارىسىدىمۇ بىر نەچچە ھەيران قالارلىق پەرق-
لەرنىڭ بارلىقى بىلىنمەكتە. بۇلاردىن بىرى تاڭ يورۇشتىن
ئىلگىرى يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ كىيىنىپ ياسانغان، ھۇجرى-
سىنى تازىلاپ سۈرتكەن، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئورنىغا
قويغان قىزدۇر. ھاسىلكالام، بىر ياش قىزغا باشقىلارنىڭ
كۆزى چۈشۈپ، ئۆرنەك ئالارلىق بولغىنى، تۈرلۈك

كىچىك ئىشلارنى قىلىپ ھۇجرىسىدا ئولتۇرغىنى، يەنە تا-
رالغان ۋە چىرايلىق تۈرمەكلەنگەن چاچلىرىدا، ھەر
ۋاقىت پاكىز تۇتۇلغان قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىدا، يېڭى
دەزماللانغان قاردەك ئاپئاق كۆڭلەكلىرىدە، كىيگەن پاي-
پاقلىرى بىلەن تازىلىنىپ يالىداپ تۇرغان ئاياغ كىيىملى-
رىدە دائىم خۇش پۇراقلار تارقىتىپ تۇرغان گۈلگە
ئوخشاش، ھەر تۈرلۈك رەڭلىرى بىلەن كۆرگەن كۆزلەر-
نى ھەيران قىلىپ تۇرغان كېپىنەكتەك چەكسىز يېقىملىق-
تۇر.

ئىككىنچى قىز بولسا ھامان كارىۋىتىدىن تۇرۇشقا
ئېرىنىپ، تەرتىپسىز ھالدا ياتىدۇ. بېشىنى كۆتۈرەلمەي،
كۆزلىرىدىن چاپاق قاينىتىپ، ھۇرۇنلۇق تۇغدۇرغۇچى
ئۇزاق بىر ئۇيقۇسىدىن كېيىن ئۇ پايدىسىز خىياللارغا بې-
رىلىدۇ، تۇرۇش ئۈچۈن قىمىرلاپ ئەسنەيدۇ، كېرىلىدۇ،
سوزۇلىدۇ. ھاسىلكالام، ناھايىتى چوڭ راھەتسىزلىك سې-
زىدۇ، تۇرۇشقا ئېرىنىپ، بىر ھازا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يۈز
- قولىنى يۇيۇشقىمۇ ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. ئېرىنىپ تازىلىنىپ
پايپاقلىرىنى كىيىدۇ، ياخشىلاپ كىيىمگەنلىكتىن قونچلى-



رى ئوشۇقلىرىغا چۈشۈپ قالىدۇ. يېرىمى سۆكۈلگەن بە-
تىنكىلىرىنى كىيىدۇ، باغلاشقا ئېرىنگەن بوغقۇچلىرى
يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاخىر ئۈستىگە بىر كىيىم كىيە-
دۇ، ئۇنىڭمۇ يەڭلىرى گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ چۈشۈشكە
يەتكەن بولىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى داستىخان ئەتراپىغا يىغىل-
غان ۋاقىتتا چاچلىرى تارالمىغان، كۈندۈزلۈك كىيىملىرى
كىيىلمىگەن، پەرىشان قىياپەتتە داستىخان يېنىغا كېلىپ
ئولتۇرىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا ۋە داستىخان ئەتراپىدا ھازىر
بولغان قېرىنداشلىرىغا چاچلىرىنىڭ چۇۋۇق ئىكەنلىكىنى
كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال ئۇ يەر، بۇ يەرگە تاشلى-
نىپ تۇرغانلىقىدىن غىجىملىنىپ، كىردىن سارغىيىپ
كەتكەن بىر رومالنى بېشىغا ئارتىپ، كۆڭلىكىنىڭ يىرتىق-
نى ئېتىش ئۈچۈنمۇ يەلكىسىگە بىرەر نەرسە ئارتىۋالىدۇ،
مانا مۇشۇنداق كۈلكىلىك ۋە ئادەتكە خىلاپ بىر كىيە-
نىش بىلەن داستىخان ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆز گەۋدىسىنى
كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى ياش قىز ئارىسىدىكى پەرق يالغۇز كىيە-
نىش، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئەمەستۇر. شۈبھىسىز، خۇلق
ۋە تەبىئەتلىرىدە ۋە بۇلارغا تەئەللۇق ھاللىرىدىمۇ
باردۇر.

## ياخشى ۋە يامان خۇلقلار

ياخشى خۇلقلۇق بىر كىشى ھەركىم بىلەن ياخشى
مۇناسىۋەتتە بولىدۇ: ھەركىمگە رەھىمدىللىك، ياخشىلىق
تىلەيدۇ. ھېچقانداق نەرسىگە ئاچچىقلانماس، ھەرقانداق
نەرسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى تۇتىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت باشقى-
لارغا خۇش كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. ھەر ۋاقىت ئوچۇق
چىراي بولىدۇ. يۇمشاقلىق، ئوچۇق تەبىئەتلىك، شادىيانە
چىرايدا بولۇش بىر پاك كۆڭۈلنىڭ ئالامىتىدۇر.

يامان خۇلقلۇق خوتۇن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ،
ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماس. ھەركىم بىلەن گەپ
تالىشىشقا يول ئىزدەيدۇ. ئۆزى ھېچ نەرسىدىن شادلان-
ماس، دائىم باشقىلاردىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ زارلىنىدۇ. ئۆزد-
دىن بەزدۈرگۈچى، غەمكىن يۈزلۈك بولىدۇ، ھېچكىمنىڭ
نەسىھىتىنى ئاڭلىماس، ئۆزىگە باشقىلار بىر نەرسىنى ئاق
دېسە، قارا دەپ دەۋا قىلىدۇ. كىشىلەر بىر ئادەمنى
ماختاپ سۆزلىسە، ئۇ يامانلاپ سۆزلەيدۇ. ئەگەر بىراۋ-
نىڭ يامانلىقىنى سۆزلىسە، ئۇ ماختاپ سۆزلەيدۇ. ناھايىتى
ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، سۆزىگە ئازراق ئېتىراز بىلدۈرۈلسە،

2009.1

شۇ ھامان جەھلى چىقىدۇ. بۇنداق كىشى بىلەن ئۆمۈر غىژ - غاژلىق، ئۇرۇشۇش بىلەن ئۆتىدۇ. بۇنداق ئادەم ساقايماس كېسەلگە ئوخشايدۇ. ھەركىم ئۇنىڭدىن بىزاردۇر، ئۇنداق ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر خوتۇنغا ئەڭ كېرەكلىك سۈپەت ياخشى خۇلقا باغلانغان يۇمشاقلىقتۇر. ئەقىللىق، تەدبىرلىك بىر ئانا ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولغاندا كېلىنلىككە تاللىغان قىزنىڭ باي، گۈزەل، زېرەك بولۇشىنى سورىمايدۇ، ھەممىدىن ئاۋۋال ياخشى خۇلقلۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ. گۈزەللىك، بايلىق، زېرەكلىك ئەمەلىيەتتە كېرەكلىك نەرسىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما قىز ياخشى خۇلقلۇق بولسا، ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدۇ، يامان خۇلقلۇق خوتۇن بىلەن ئەپ ئۆتۈپ تىرىكچىلىك قىلىش مۇمكىن بولماس، ياخشى خۇلقلۇق بولغان بىر ياش قىزنى ھەركىم ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بۇ قىز تۇغقانلىرى ياكى ئەر تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئىناقسىزلىق ئالامىتىنى سەزسە، شۇ ھامان يارىغا مەلھەم سۈرىدۇ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ. خاتا چۈشىنىلىدىغان سۆز ياكى ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇراپ چۈشەندۈرىدۇ. ياخشىلىق ھەممە ئادەمنىڭ ھەر نەپەس ۋە ھەر زامان بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىگە، تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشىغا سەۋەب بولغان بىر پەزىلەتتۇر، ياخشى نىيەتلىك بولۇڭ، بەختلىك بولۇرسىز!

### ئۆي تۇتقۇچى خوتۇننىڭ «نېمە ئۈچۈنلىرى» بىلەن «شۇنىڭ ئۈچۈنلىرى»

نېمە ئۈچۈن يۇڭدىن توقۇلغان ياكى مويلۇق كىيىملەر كىيىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇنداق كىيىملەر تېنىمىزدىن ئىسسىقلىقنى چىقارمايدۇ، ئۇنداق كىيىملەر تەننى سوغۇقتىن ساقلايدۇ. يۇڭ ۋە مويلۇق كىيىملەر بەدەننى ئىسسىتالامدۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىسسىتالمايدۇ، ھەممىسى بەدەننىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىسسىقلىقنى ساقلايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ياز كۈنى ئاق كىيىم كىيىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئىسسىق تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بولمىغانلىقتىن ئىسسىقلىقنى تارتمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى قايتۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن رېزىنكە يامغۇرلۇق چەم ئۆتۈك ياكى كالاچ كىيگەن ۋاقتىمىزدا، قايسى ۋاقىتتا تېنىمىز ياكى پۇتلىرىمىز تەرلەپ كېتىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، رېزىنكە چەم تەر ئۆتكۈزمىگەنلىكتىن، تېنىمىزنىڭ ئىسسىقلىقدىن ھاسىل بولغان ئىسسىقلىقنىڭ چىقىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن رېزىنكە يامغۇرلۇق ياكى كالاچىنى زۆرۈر، كېرەك بولغان ۋاقىتتىلا كىيىش كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ھۆل كىرلەر ئارىسىدا ئۇخلاش، ھۆل كىيىم كىيىش خەتەرلىكتۇر؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھۆل كىرلەر، باشقا ھۆل نەرسىلەر قۇرۇش ۋاقتىدا تەندىن دائىم ئىسسىقلىقنى تارتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تەندە ئىسسىقلىقنىڭ تەبىئىي دەرىجىسى كېمىيىپ كېتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئىچىدە گۈل ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر بولغان خانىدە يېتىش خەتەرلىك بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆسۈملۈكلەر قۇياش نۇرى بىلەن ئوكسىگېننى تارقىتىدۇ ۋە ھاۋادىن كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرىدۇ، ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەكسىچە كېچىسى ئۆسۈملۈكلەر، گۈللەر نەپەس ئالغان ۋاقىتتا ئىچىگە كىرىشكە يارىماي تۇرغان مەزكۇر گازنى چىقىرىدۇ، گۈل ھىدلىرىنىڭمۇ بۇ توغرىدا غايەت چوڭ زىيىنى باردۇر.

### خىزمەتچىلەر

خىزمەتچىلەر ئەگەر ئەخلاقسىز كىشىلەردىن بولسا ئۇلارنى شۇ ھامان ئىشتىن بوشىتىش ۋە ئۇلارنىڭ جانسىز بولغانلىرىنىمۇ ئۆيگە يېقىنلاشتۇرماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىشنى ناھايىتى توغرا ئىش دەپ ئويلايمەن. خىزمەتچىلەرگە تەربىيە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن پايدىلانماقنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇلارنى قاتتىق تاللاپ قوبۇل قىلىڭ، ئۇلار ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئىزدەڭ، ئاندىن ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئىش ئۆگىتىش توغرىسىدا زېھنىي كۈچىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىز بولىدۇ. خىزمىتىڭىزگە كىرگەن ۋاقىتتا ئۇلاردىن كۈتۈپ تۇرغان ئىشلىرىڭىزنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن ئىش ھەققىنى مۇۋاپىق تەيىن قىلىپ بېرىڭ، ئىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن بەلگىلەنگەن دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇڭ.

ئۇلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا بىز سالغان مۇشەققەتلەرگە كۆنۈشمۇ تەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايلى.



شۇنداق بولغاچقا ئۆزىمىزدە بولمىغان كاملىلىقلارنى، ئۆ-زىمىزنىڭ كۈچىمىز يەتمىگەن ئىشلارنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش توغرا بولماس. خىزمەتچىڭىز بىتاپ بولسا، ھالىنى سوراش ئۈچۈن كىچىككىمەي يېنىغا بېرىڭ، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىڭ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن بېقىڭ، داۋالىتىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇڭ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغان سۆزلەرنى قىلىڭ. بۇ ھالدا ئۇ چەكسىز خۇرسەن بولىدۇ، شۇندىلا ئەمىن بولۇرسىز. ئەگەر خىزمەتچىڭىزنىڭ بىر زور قايغۇسى بولسا، ئاتا ـ ئانىسىدىن، يېقىنلىرىنىڭ ھەمە-مىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايغۇرۇڭ. بايلىقىڭىزغا قاراپ ئۇنىڭغا پۇل، مال بېرىڭ، قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىش تاپشۇرماڭ. كۆپىنچە ئۆي ئىگىسى بولغان خوتۇنلار قوشقان ئىشلىرى-نى ھېسابلىمايدۇ، ئۇچ كۈن قىلىدىغان ئىشنى بىر كىشىگە يۈكلەپ قويىدۇ. بىر سەۋەب تېپىپ تەنبىھ بېرىش كېرەك بولغاندا، يۇمشاقلىق بىلەن چېچىلماستىن، غەزەپلەنمەستىن ھەمدە ئۇرماستىن تەنبىھ بەرسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق تەن-بىھلىرىڭىز چەكسىز پايدىلىق بولۇر. سوراپ تۇرغان نەر-سىلىرىڭىزنى ياخشىلىق بىلەن سوراڭ، تاپشۇرغان نەرسى-لىرىڭىزنى ھازىر قىلغان ۋاقتىدا خۇشاللانغانلىقىڭىزنى بىل-دۈرۈڭ. بىر ياخشى ئىش قىلغان ھامان ئۇنى ماختاڭ، خىزمەتچىلەرنى كۆزىتىڭ، لېكىن زۇلۇم ۋە ھاقارەت قىلماڭ. كۆز ئالدىغا پۇل قويۇپ، ئۇلارنى سىناشقا تى-رىشماڭ، چۈنكى ئادەمنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى نازۇكتۇر. ئۇلارنىڭ ۋە كۆپلىگەن ئاشپەزلەرنىڭ سىز ئۈچۈن سېتى-ۋالغان نەرسىلىرىنى ھېسابلاپ تۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ سەمە-مىي بولۇشنى ئويلاڭ، سورىغان ئىش ھەققىنى كەم قىلماي بېرىڭ. خىزمەتچىلەر-نىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى كېلىپ سورىشى ئاسان ئەمەس، خىزمەتچىلىرىڭىزنى ياتلار ئالدىدا دۆشكەللىمەڭ، بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن دوستلار، مېھ-مانلار ئالدىدا كۆڭۈلسىزلىك، خىزمەتچى-لەر قېشىدىمۇ بىر خارلىقتۇر. بىر خىزمەت-چى خوتۇننىڭ يېنىدا ئەيىب بولارلىق ئىش قىلىپ، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ يۈرۈش-تىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ. ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ ئەيىبلىرىڭىزنى، كەمچىلىكلىرى-ڭىزنى يوشۇرۇڭ. خىزمەتچى خوتۇنغا ئۆز جامائەلىرىڭىز ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى بىلدۈرمەڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆكمى ئاستىدا بولماي دېسىڭىز، ئۇلارغا ھېچقانداق سى-رىڭىزنى پاش قىلماڭ. پەرۋاسىز بولماڭ، ئېلتىپاتلىق بولۇڭ، پەرۋاسىزلىق ئۆزىڭىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

### تاماق ئېتىش ساۋاقلىرى

تاماق ئېتىشنى ئىنگلىزلار خوتۇنلارغا ئائىت ساۋاق-لاردىن بىرىگە «تائام تەييارلاش سەنئىتى» دەپ نام بېرىپ، لوندوندا بىر ئاشپەزلىك مەكتىپى ئاچقان ئىكەن. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك تائام تەييارلاش ئۈچۈن كېرەك-لىك قورallar، قاچا ـ قۇچىلار، تۈرلۈك ئوچاقلار، پىلتە-لەر، قالاش ئۈچۈن كۆمۈر، گازغا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر تەييارمىش. بۇنىڭدىن تاشقىرى مەكتەپتە ساۋاق بېرىشتە قىزلارغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بارلىق ئاشخانا ئەسلىھەلىرىنى تەل قىلىپ، ئۆزلىرىگە پىشۇرغۇزۇپ ساۋاق بېرىشكە باشلىغان.

بۇ ئۇسۇللار تەرتىپكە سېلىنىپ، نۇرغۇن مەملىكەت-لەردە شۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغىنىغا ئوخشاش، تۈركىيەدىمۇ كەچلىك قىزلار ھۈنەر مەكتىپى ئېچىلغان ۋە مەزكۇر مەكتەپنىڭ 6 ـ ، 7 ـ يىللىق ئوقۇغۇ-چىلارغا نۆۋەت بىلەن ھەپتىدە ئىككى قېتىم تۈركچە، فرانسۇزچە ھەر تۈرلۈك تائاملارنى پىشۇرۇش، داستىخان تەييارلاش ئالاھىدە ۋە كەڭ ـ كۇشادە ئۆگىتىلگەن. قىزلار مەكتىپىدە شۇنداق ساۋاقلار بېرىلسە، ئاتا ـ ئانىلى-رى ئۆمۈر بويى شۈكۈر قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.


2009.1

ئانىلار ئۆي تۇتۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى، تائام تەيـ
يارلاشقا دائىر پەنلەرنى قىزلىرىغا ۋاقتىدا ئۆگىتىشكە تىرىـ
شىشى كېرەك. ئەگەر ئۆزى تاماق ئېتىشكە ئۇستا بولمىـ
سا، ئۇنى بىر ئۇستىغا تاپشۇرۇپ ئۆگىتىشى كېرەك.
چۈنكى قىز باللار تاماق ئېتىش ئۇسۇللىرىنى ياش ۋاقتىـ
لىرىدا ئۆگەنمىسە، كېيىنچە بىلەلمەيدىغانلىقى شۈبھىسىزـ
دۇر. ئەگەر خانىم ـ قىزلار ئاتا ـ ئانىلىرى يېنىدا تۇرۇش
ۋاقتىدا تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشتىن قېچىپ ئۆزلىرىدىن:
«نېمىشقا كۈندە كېرەك بولىدىغان ئىشنى ئۆگىنىشكە تىـ
رىشمىدىڭ؟» دەپ سورىغان ئادەمگە كۈلۈپ: «تاماق
ئېتىش ئۆگىنىدىغان ئىشمۇ، ئۆي تۇتۇشقا كىرىشكەن ۋاقـ
تىمدا ئۇنىمۇ ئۆگىنىۋالىمەن» دەپ جاۋاب بەرسە، ناھايـ
تى يېڭىلىشكەن بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ناھايىتى كېـ
رەكلىك بىر ئىشتۇر. تاماقنىڭ ئوخشىتىپ ئېتىلىشى، ئورـ
نىدا ۋە ۋاقتىدا بولۇشى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تىنچلىقىغا ۋە
بەختلىكلىكىگە سەۋەب بولىدۇ.

بۇ بابتا پىكىرلىرىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتەي: ئىشچىلارـ
دىن بىرىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭ، ئۇ كۈننى ئېغىر، مۇشەقـ
قەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە قاراڭغۇ چۈشكەنـ
دىن كېيىن ئۆيگە قايتقان بولسۇن، كۈندىكى ۋاقتىدا تاـ
ماقنىڭ تەييار بولغىنى خەۋەر قىلىنسا يۈزىدە شادلىق ئاـ
لامىتى كۆرۈنىدۇ، غايەت پاكىز ۋە ياخشى ھازىرلانغان
بىر داستىخان ئەتراپىدا شاد بولغان ھالدا خوتۇنى، باللىـ
رى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ ھەم ئۇلار بىلەن
سۆھبەت قىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن دەم ئالىدۇ، كۈن بويى
ئىشلەپ چارچىغىنىنى ئۇنتۇيدۇ. يەنە شۇ كىشى قولىدىن
ئىش كەلمەي تۇرغان، بىپەرۋا، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ
بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئويلىماي تۇرغان بۇ ئۆي بېشى
بولغان خوتۇنىنىڭ ئېرى دەپ پەرەز قىلىسىڭىز، ئەھۋال
قانداق بولىدۇ. ئۇ چارچىغانلىقتىن ھالسىز، ئاچ ھالدا ئۆـ
يىگە كەلگەن ۋە ھېچنەرسە تەييار بولمىغان بولسا، شۈبھە
يوقكى، ئادەتتىن تاشقىرى ئاچچىقلىنىدۇ، چېچىلىدۇ.
ئاندىن بۇ ھالدىن زارلىنىدۇ، يامان سۆزلەرنى ئېيتىدۇ،
باللىرى ئاتىسىنىڭ ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ قورقۇشىدۇ،
يېنىغا بېرىشنىڭ ئورنىغا يىراق كېتىدۇ ياكى قاچىدۇ.
تاماق ۋاقتى بىر تۈرلۈك تىنچسىزلىق، زەردە بىلەن ئۆتىـ
دۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ نېمە يېگىنىنى بىلمەسلىك دەرىجىسىـ
دە ھۇزۇرسىز، مەجبۇرىي يەپ، سوغۇقلۇق بىلەن بىر ـ
بىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئەگەر ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا دېھقانـ
دىن، سېتىقچىدىن، يازغۇچىدىن ھەتتا بىرىنى پەرەز قىلـ
ساقمۇ، ئەھۋال يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.
خانىم ـ قىزلار، ئۆيىڭىزدىكى بىر ئۇستا ئاشپەز خوتۇن
ياكى بۇ توغرىدا بىلىملىك بولغان بىر خانىم تاماق ئېتىـ
ۋاتقان ۋاقىتتا يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاماق پىشۇرغىنىنى
كۆرۈپ ئۆگىنىشكە تىرىشىڭ، شېرىن تائام ئېتىشنى ئۆگەـ
نىۋېلىڭ. مەسلەن، شورپا، گۆش، كۆكتاتلارنىڭ ۋە
بۇلارغا ئوخشاش ھەر كۈنى كېرەكلىك نەرسلەرنىڭ
نەچچە تۈرلۈك پىشۇرۇلۇشىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا ھۇـ
رۇنلۇق قىلماڭ. قايسىبىر ئۆي قىزلىرىنىڭ ئەتكەن تاماقـ
لىرى داستىخانغا قويۇلغاندا، تاماقلانغۇچىلار ئۆز بارماقلىـ
رىنىمۇ يەۋەتكىدەك بولۇپ لەززەت بىلەن يېگەن ئىشلەـ
رى بىز ئاڭلاپ باقمىغان ھادىسلەردىن ئەمەس. توغرىـ
سى، ئىشتىھا بىلەن يېگىدەك تائام ھازىرلاشنى، كۆكتاتـ
لاردىن پايدىلىق بولغانلىرىنى ۋە گۆشنىڭ ئەڭ ياخشى
يەرلىرىنى تاللاشنى بىلگەن، ھەر كۈنى بىر خىل تاماق
ئەتمەستىن، ھەپتىنىڭ بىر كۈنى ئۈچۈن تۈرلۈك تاماق
ئېتىشنى بىلگەن ئاتا بىلەن ئانىسى چىن ۋە غايەت قىممەتـ
لىك بىر خەزىنىدۇركى، ئۇ بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئەتراپىدىـ
كى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر ۋاقىت سالامەتلىكلىرىگە ۋە
بەختلىك بولۇشىغا خىزمەت ۋە ياردەم قىلغۇچىدۇر. ھەر
بىر خوتۇن، ھەتتا ئىشلەشتىن ئازاد بولغانلىرىدىمۇ، خوتۇن
ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان ئاشپەزلىكنى بىلىشى لازىم.

### تاماق ئەتكۈچىنىڭ بەزى سىرلىرى

ئاشپەزلىك تارماقلىرى كۆپ ۋە نازۇك بىر ئىلىمـ
دۇركى، ئەگەر ئۇنى ئۆگىنىشكە خاھىش بولسا، ھېچقاـ
چان غەپلەت بىلەن قىلىنمىسۇن، چۈنكى كىچىككىنە بىر
كەمچىلىكنىڭ تەسىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشايدىغان تائامـ
نى ئېغىزغا ئالغۇسىز، لاۋزا قىلىپ قويىدۇ. بۇزۇلغان،
ئىسلانغان بېلىق، قېرى توخۇ، پورلىشىپ قالغان ياكى
سارغىيىپ كەتكەن كۆكتات، ناھايىتى قاتتىق ياكى ناھايـ
تى يۇمشاق پىشقان تۇخۇم، تۇزلۇق ياكى تۇزسىز تاماق،
ئىسلانغان گۆش، بۇزۇلغان ئىسلىق نەرسلەر تائامنىڭ
لەززىتىنى يوقىتىدۇ، ئائىلە ئايالى بۇلاردىن ساقلىنىشى
لازىم. ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن

مەقسەتتە، بۇ يەردە قايسى نەرسىلەرنىڭ سېتىۋېلىنىشى ۋە ساقلىنىشى توغرىسىدا بىرئاز نەسىھەت قىلىپ ئۆتىمىز، ياخشى تىرىكلىك قىلىنىپ تۇرغان بىر ئۆي ئۈچۈن ۋاقتىدا كۆپرەك ئېلىنسا، ئەرزان باھادا ئېلىش ۋە ئاز ۋاقىت ساقلاش مۇمكىن بولغان ئوزۇقلارنى ۋاقتىدا تەييارلاش كېرەك. لېكىن ھەددىدىن ئارتۇق، ئىسراپ بولارلىق دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن.

ئەگەر توخۇ قېرى بولمىسا، مويى يۇمشاق، ئۇزۇن بولىدۇ. نېپىز ۋە ئاچ قىزىل تۇسلۇك بولغان تېرىسى كىچىك - كىچىك تومۇرلار بىلەن ئورالغان بولىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇق ياشىغان توخۇلارنىڭ پېيى يۇمشاق بولىدۇ ۋە تومۇرلىرى بىلىنمەيدۇ، تېرىسىدە ئاقۇش تۇستە ۋە ئازراق يالتىرىقى بولىدۇ. كۈركە توخۇنىڭ قېرى بولمىغىنىنىڭ پۇتلىرى قارا ۋە چىرايلىق، پۇتىنىڭ تىرناقلىرى قىسقا بولۇشىدىن بىلىنىدۇ. قېرىغىنىنىڭ بولسا كۆزلىرى چوڭقۇر ۋە تىرناقلىرى قاتتىق بولىدۇ. كۆكتاتلارنى قىشتا تەبىئىي ساقلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇل شۇكى، قۇرۇق ۋە ئىسسىق بولمىغان جايدا بىر نەچچە سائەت يەرگە يېيىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى قويۇلىدىغان جايغا ئېلىپ كېلىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان قۇم ئۈستىگە بىرى يەنە بىرىگە تەگكۈزۈلمەي جايلاشتۇرۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە قۇم سېپىلىپ، ئۇستىگە ئىككىنچى قەۋەت كۆكتات قويۇلىدۇ، كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىنىدۇ ۋە ئورۇۋېلىنغان ئوت - چۆپلەر بىلەن ئۈستى يېپىلىدۇ. تۈرلۈك كۆكتاتلارنىڭ نەملىكى بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قۇم ئارىسىغا ئايرىم - ئايرىم قويۇلىدۇ.

قوغۇننىڭ بارماق بىلەن باسقاندا قاتتىق بولۇپ، خۇش پۇراق بولغىنى ياخشىدۇر. ئاپېلسىن سېتىۋالغاندا چوڭلۇقىغا ئەمەس، ئېغىرلىقىغا قاراپ، پوستى نېپىز، قىزغۇچ ۋە چىرىمىگەنلىرى تاللاپ ئېلىنىدۇ. لىموننىڭمۇ نېپىز پوستلۇق، سېرىق، سۇلۇق بولغىنى تاللىنىدۇ. گۈرۈچ يىرىك، ئاق، تازا، يالىلدىرمايدىغان بولسۇن، توپا - چاڭ ھىدى كەلمىسۇن، مىسىر گۈرۈچى باشقا گۈرۈچلەردىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئۈستى بىرئاز غۇبارلىق بولىدۇ. ئۈستى ئاقارغان كىچىك مېۋىلەر بۇزۇلغاندۇر.

شورپىمۇ قالالمايدىغان خوتۇن بارمىدۇ، دەپ كۈلمەڭ. ھۆرمەتلىك خانىم - قىزلار، ئوخشىغان شورپا قىلماقچى بولسىڭىز، ناھايىتى پاكىز يۇيۇلغان ۋە ئېرىتىپ قۇرۇتۇلغان قازان ياكى كورىدا بىر قاچا تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى قاچا سوغۇق سۇ قويۇڭ، سېلىنىدىغان گۆشلەرنى ئېلىپ، سوغۇق سۇ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ياخشى يۇيۇپ، كورىدىكى سۇغا سېلىپ ئوت يېقىڭ. قاينىغىچە ئوتنى كۈچلۈك ياقسىڭىز بولىدۇ. قاينىغاندا سۇزگۈچ بىلەن كۆپۈكنى يىغىپ ئالغاندىن كېيىن، يېتەرلىك تۇز سېلىڭ. بىر، ئىككى تال ئاشكۆكى، تۆت - بەش تال قارىمۇچ سېلىپ قاينىتىڭ. توختىماي سۇس قايناپ تۇرسۇن، قاتتىق قايناپ، پۇتۇنلەي توختىغان تاماقتا ھېچقانداق لەززەت بولماس. بىر تۇخۇمغا يېرىم قاچا سۇ قۇيۇپ، تۇخۇم بولمىسا، قايناپ تۇرغان شورپىدىن قۇيۇپ قاتتىق خېمىر قىلىپ يۇغۇرۇڭ، ئۇزاق تىندۇرۇلغاندىن كېيىن نېپىز قىلىپ يېيىڭ، باشقا ئىشلىرىڭىزغا قارىغانچە، يايغان خېمىرىڭىز قۇرۇسۇن. كېسىشكە ئاسان بولىدۇ، ھەم يېپىشمايدۇ، قۇرىغاندا ناھايىتى ئىنچىكە ھەم ناھايىتى ئۇششاق قىلىپ ئۇگرە كېسىڭ. شورپا قايناپ، گۆشلىرى پىشقاندا، شورپا ئۈستىدىكى مايىنى قوشۇق بىلەن بىر قاچىغا ئېلىپ قويۇڭ، گۆشلىرىنى ئېلىپ، شورپىسىنى سۈزۈۋېلىڭ. كورا ياكى قازاننى يۇيۇپ، ئېرىتىپ شورپىنى قۇيۇپ، قايناپ چىققاندا ئۇگرىنى سېلىپ ئۇگرە ئۆرلەپ پىشقاندا، بىر تاۋاققا سۈزۈپ ئېلىۋال-



سىز. كاسىدىكى ئۇششاق توغرالغان پىياز، كۆكتاتلار ئۈستىگە تاۋاقتىكى ئاشنى سېلىپ، ئاش ئۈستىدىن يىغىلغان مايىنى بىر ـ ئىككى قوشۇق سېلىپ، مۇچ سېپىپ داستىخانغا قويىسىز. گۆشنى قانداق كەسكەن بولسىڭىز، شۇ پېتى يېسىڭىز بولىدۇ. ئىككىنچى كورىدا شورپىغا تۆگىنەك (ياڭيۇ) بىلەن پىياز سېلىپ پىشۇرسىڭىز ياكى تۆگىنەك بىلەن پىيازنى مايدا قورۇسىڭىزمۇ بولىدۇ. گۆش بىلەن سۇنىڭ ئاز ياكى كۆپ قۇيۇلۇشى تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ھېسابلىنىدۇ. خېمىرمۇ شۇنىڭغا بىقەپ ئاز ياكى كۆپ يۇغۇرۇلىدۇ. تائامنى كۆپ، بىمەززە قىلىپ ئېتىپ ئېشىپ قالغان تاماقنى تۆكۈۋېتىش ئەقىللىق خوتۇننىڭ ئىشى ئەمەستۇر. يەنە توخۇ ۋە قوي گۆشنى پارچىلاپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ، سەۋزە ئۈگرىدەك توغرىلىپ، شۇ شورپىغا سېلىنىدۇ. تۆگىنەك ۋە كەرەم توغراپ سېلىنىدۇ. ئاندىن ئاشنىڭ مىقدارىغا قاراپ، گۈرۈچ يۇيۇپ سېلىنىدۇ. بىر ـ ئىككى تىلىم لىمون، بەش ـ ئالتە قەلەمپۇر، گۈلرەيھان، مۇرچ سېلىنىدۇ. گۈرۈچ ۋە باشقا سېلىنغان نەرسىلەر پىشقاندا، ئىلگىرىكى تاماققا ئوخشاش سۈزۈۋېلىپ، پىياز، كۆكتات، پارچىلانغان گۆشلەرنى سۈزۈۋېلىنغان شورپىغا سېلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

سىگىر گۆش شورپىسى قىلغاندا ئۈگرىگە ئوخشاش توغراپ پىشۇرۇلسىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئاشنى سۈزۈۋالغاندا، قازاننى پاكىز يۇغاندىن كېيىن، تولدۇرۇپ سۇ قۇيۇلىدۇ. تائام يېيىلىپ بولغاندا، بىر چوڭ ئىدىشقا بايىقى قايناق سۇدىن قۇيۇلۇپ، قاچا ـ قۇچىلارنىڭ ھەممىسى پاكىز يۇيۇلىدۇ ۋە ئىككى قېتىم يېڭى قايناق سۇ بىلەن چايقىلىپ، ئاشخانا ئىشكابىغا رەتلىك قويۇلىدۇ، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ھەر بىرى پاكىز لاتا بىلەن ئېرتىلىپ، ئورنىغا تىزىپ قويۇلىدۇ.

بەلىشكە ئوخشاش نەرسىلەرگە سېلىش ئۈچۈن گۈرۈچ ئۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنى قايتا ـ قايتا يۇيۇپ، قايىنىغان سۇغا سېلىپ ئۇۋۇتىش كېرەك. گۈرۈچ پىشماي قالمىسۇن ھەم بەك پىشىپمۇ كەتمىسۇن. ئاندىن گۈرۈچ جاۋۇرغا سېلىنىپ، سوغۇق سۇدا سوۋۇغىچە چايقىلىدۇ، سۈيىنى ساقىتىۋەتكەندىن كېيىن، گۈرۈچ پاكىز داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ بەك مۇرەككەپ ئىش بولمىسىمۇ، گۈرۈچ ئۇۋۇتىشنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن خوتۇنلارنىڭ بەلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېمەكلىكلىرى تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. قوي يېغى، سېرىقماي بوتقا ۋە قۇيماققا ئوخشاش نەرسىلەرگە كېرەك بولغاندا، كىچىكرەك كورىغا مۇۋاپىق سېلىپ گىژىلدىغان ئاۋاز يوقىغىچە قىزدۇرۇش زۆرۈر. قىزىغىنىنى بىلىش ئۈچۈن خېمىر ياكى نان سېلىنىدۇ، ئۇ ناھايىتى تېز قايناپ ئۈستىگە چىقسا، ياغنىڭ قىزىغىنى بولىدۇ. بۇ ئەرزىمەس نەرسىدەك تۇيۇلسىمۇ، قىزدۇرماي سېلىنسا، ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىدۇ ھەم ناھايىتى بىمەززە بولۇپ قالىدۇ. بۇ توغرىسىدا بىپەرۋالىق قىلغان خوتۇنلار ئاز ئەمەستۇر. سالامەتلىكنىڭ ئۆي ئىچىدە ھۆكۈم سۈرمىكى ئاتا بىلەن ئانىسىغا باغلىقتۇر. چۈنكى رىزقلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى پەقەتلا ئۆگىنىدۇ. ئۇ تائاملارنىڭ خاسىيەتلىرىنى، ئاشقازىنى ئاجىز بولغانلارغا، قېرىلارغا، بالىلارغا ۋە باشقىلارغا قانداق گۆشنىڭ، قانداق كۆكتاتنىڭ خىل كېلىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە تاماقنىڭ تېز سىڭىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن ئەڭ كېرەكلىك تاماقلارنى كۆزدىن كۆچۈرىمىز.

يەپ تۇرغان نەرسىلەر چىش بىلەن ياخشى چاينىلىشى كېرەك، تاماق توغرىسىدا ئىككى نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. بىرى، تەننى ساقلاپ تۇرغان تاماق؛ ئىككىنچىسى، تېز سىڭىپ تۇرغان تاماقنى تاللاشتۇر. سىگىر گۆشتىن پىشۇرۇلغان شورپا تەنگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدۇ. قانچە قۇۋۋەتلىك بولسا شۇنچە تېز سىڭىدۇ، تەنگە پايدىلىق بولىدۇ. كۆپ سۇ بىلەن پىشقان شورپا سۈيى كۆپ بولغانلىقتىن سىڭىشلىك بولماس، ئاشقازانغا ئېغىر كېلىدۇ، ئەمدىلا كېسەلدىن قوپقانلارنىڭ، تاماق تېز سىڭمەيدىغانلارنىڭ ئاشقازىنى شورپىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى قوبۇل قىلالايدۇ، ياخشى شورپا تەييارلاش ئۈچۈن گۆشنى قايناق سۇغا سېلىش كېرەك. گۆش سوغۇق سۇغا سېلىنسا، گۆشنىڭ سۈيى قايناپ سۇ بىلەن تېز لا قويۇقلىشىپ، گۆشمۇ قاتتىقلىشىپ قالىدۇ، شورپىغا قۇۋۋىتى چىقمايدۇ.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ



يالقۇن تۇرسۇننىياز

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا

ئويۇن بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى، شۇنداقلا
بەلگىلىك بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ئادەمنىڭ مەدە-
نىيەت ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇھىم
جەريانى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بالىلار تەرەققىياتىنىڭ
كۆرسەتكۈچىسى ۋە ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بالى-
لارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جە-
ھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋا-
سىتىسىدۇر. ئويۇنلار بالىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر
ئاساسىي پائالىيەت. بالىلار ئويۇن ئارقىلىق ئۆز بەدىنىنى
چېنىقتۇرىدۇ ھەمدە تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈپ، بالىلىق
ھېسسىياتىنى موللاشتۇرۇپ، كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە
قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالىلار
ئويۇن ئىچىدە يېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا
ئۆزلىرىنىڭ زور ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،
ئۆزلىرىنىڭ مول ماددىي ۋە مەدەنىيەتلىرىنى يارىتىپ،
ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى
قوشقان. جۈملىدىن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ
ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇنلىغان خەلق ئو-
يۇنلىرىنى كەشىپ قىلغان. بالىلار ئويۇنىمۇ دەل خەلق ئو-
يۇنلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا خەلق ئويۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىس-
مىغا ئايلانغان.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئويۇندىن ئايرىلالمايدۇ، شۇن-
داقلا تۇرمۇش بىلىمى ۋە تارىخىي تەجرىبىنى ئۆگىنىشتىن
ئايرىلالمايدۇ. ئويۇن ئەركىن ۋە خۇشاللىق كەيپىياتى ئى-
چىدە ياشاش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىدىغان پائالىيەت ۋە
ساغلام بولغان كىشىلىك خىسلەتنى يارىتىدىغان جەرياندىن
ئىبارەت. شۇڭا ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردىكى
ئويۇن پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر تەربىيە مەزمۇنىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلار-
نىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجى.

1) ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى ئىنسانلار-
نىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئېھتىيا-
جىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئويۇن ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت شەكلىدۇر.
شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى
ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت شەكلى بولۇپ ھې-

سابىلىندۇ، ئۇيغۇر بالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىش، ئۆزلۈك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ۋە ساغلام كىشىلىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئويناش ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. ئۇ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بالىلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ياشاش، تەبىئەت ۋە كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىيلىقنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر قاتار تەرتىپ ۋە قائىدىلەر مەۋجۇت بولۇپ، مۇئەييەن بىر ئويۇننى ئويناش جەريانىدا بالىلار ئويۇندىكى بارلىق تەرتىپلەرنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلايدۇ ۋە قائىدىلەرگە ئاڭلىق بويسۇنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىيلىك ۋە ساختىپەزلىك، قارا نىيەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك، تەمكىنلىك ۋە ئالدىراقسانلىق، چاققانلىق ۋە سۆرەلمىلىك، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىقتا بولغان كۆز قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، خاسلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تەرتىپ ۋە قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش ۋە قىلماسلىقىغا قاراپ، شۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە قانچىلىك دەرىجىدە ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئويۇن دەل مۇشۇنداق تەربىيىنىڭ توپلىنىش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقنى يېتىلدۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى ئويۇنلار مول مىللىي مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى بالىلارنى تۇيدۇرماستىن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ۋە بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، بالىلارنىڭ روھى ۋە جىسمانىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ھاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنىڭ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىلارنىڭ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2) ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى زامان تەلىم - تەربىيە نىشانىغا ئۇيغۇن.

ھازىرقى زامان تەلىم - تەربىيىسى مىللىي مەدەنىيەتنى تارقىتىشنىڭ بىر مۇھىم شەكلى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇنىڭدىن بىز ھازىرقى زامان تەلىم تەربىيىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنى تارقىتىشنىڭ بىر مۇھىم شەكلى دېگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تەلىم - تەربىيىدىن ئىبارەت.

دۆلەتنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ يۆنىلىشىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ ئىزباسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تەلىم - تەربىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىمۇ بالىلارنى ئەخلاق، ئەقىل، جىسمانىيەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربىيىلەيدىغان بولغاچقا، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ تەلىم - تەربىيە يۆنىلىشىگە تامامەن ئۇيغۇن. بىز بۇ نۇقتىنى ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولى توغرىسىدا توختالغاندا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەربىيىۋى رولى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن بۈگۈنكى زاماندا قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىنى قوغداشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ئەمەلىي ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

1) ئالاقىدار مائارىپ سىياسەتلىرىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى دۆلەت، شۇڭا مائارىپنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتىنى تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلغاندىلا ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى

ساقلاپ قېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، مائا-
رىپ — مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى
تارقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ۋە شەكلى. بۇ دۆ-
لەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت ۋە قانۇنلارنى تۈزۈپ، مىللەت-
لەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە داۋاملىششىغا
سىياسەت ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشىغا ئېھتى-
ياجلىق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئاساسىي
قانۇن» ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىغا دائىر
قانۇن - نىزاملار، سىياسەتلەر تۈزۈلۈپ كۈلەملىشىپ،
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى قانۇنىي
كاپالەت ۋە ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا
دۇنيا مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى «غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش»نى رەسمىي
تۈر قىلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىشى ناھايىتى
جانلىنىپ كەتتى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرى مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىنى قوغداشنى ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدى. ھەر
دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ رايون ئالاھىدىلىكىنى
چىقىش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىمەكتە.

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپقا ئالاقىدار بولغان
كونكرېت سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملىرى تېخىچە مۇكەم-
مەللەشمىدى. شۇنداق بولغاچقا مائارىپنى
تۈزۈلمەشتۈرۈشتە ھەرقايسى مىللەتلەر مە-
دەنىيىتىنى چىقىش قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا زور
دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، سىياسەت ۋە
تەدبىر قوللىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدە-
نىيىتىنىڭ دۆلەت مائارىپ تۈزۈلمىسىدە بىر
كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشى كېرەك.


2) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە
ئويۇن دەرسى تەسىس قىلىشى كېرەك.

ئويۇن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ
بىر خىل شەكلى. نۆۋەتتە دەرسلىك ئىسلا-
ھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئويۇن-
لارنىڭ تەلىم - تەربىيىدىكى رولى بارغان-
سېرى گەۋدىلەندى. ئويۇن تەلىم - تەربىيىنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ۋە يولى. ئويۇن دەرسلە-
كىنى تەسىس قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ دەرسلىك ئىسلاھاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك
يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى. ئويۇنلارنى ئەڭ كەڭ
كۆلەمدە ۋە تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈ-
نۈملۈك ۋە ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى دەرسلىكتىن ئىبارەت.

مەكتەپلەر دەرس پىلانىنى تۈزگەندە دۆلەتنىڭ
دەرسلىك پىلانى، شۇنداقلا يەرلىك دەرسلىك پىلانىغا ئا-
ساسەن پىلان تۈزۈشى كېرەك. بولۇپمۇ تەنتەربىيە دەر-
سىنىڭ پىلانىنى تۈزگەندە چوقۇم پىلانغا مەلۇم نىسبەتتە
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنىمۇ كىرگۈزۈشى،
مۇشۇ يول بىلەن باللارغا ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنى
تونۇشتۇرۇش، باللار ئارىسىغا تارقىتىش قاتارلىق مەق-
سەتلەرگە يەتكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەن-
ئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىگىمۇ
يەتكىلى بولىدۇ.

ھەر بىر مىللەت ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي تارى-
خىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان
ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ مەدەنىيەت يىغىلىش،
بىرلىشىش ۋە ئۆزلىشىش ئارقىلىق ئالاھىدە بىر مەدەنى-
يەت بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدە-
نىيىتىگە ئايلانغان.

مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى خەلق ئارى-



بولغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان ۋارىسلىق قىلىش يەككە هالدا
ئېلىپ بېرىلمايدۇ، ئويۇن كىشىلىك تۇرمۇشتا تەلىم ـ تەر-
بىيە نىشانىغا يېتىشنىڭ بىر مۇھىم ۋاسىتىسى. نۆۋەتتە
نۇرغۇن مىللەتلەردە بالىلار ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىغا ۋارىس-
لىق قىلىش مەكتەپ تەربىيىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي،
ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ئارقىلىقمۇ
ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. «قارا قارا قۇشلارىم» ئويۇنى،
«پەن تارتىش» ئويۇنى، «مۆكۈ ـ مۆكىلەك» ئويۇنى،
«تېپىشماق تېپىش» ئويۇنى، «كۆچ سىنىشىش» ئويۇنى
ۋە تىل ئۆمەنلەش قاتارلىقلار ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئارىس-
ىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا هازىرمۇ
چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. هازىرقىدەك ئاهالى-
لەر ئولتۇراق رايونى، ئاهالە كومىتېتى ۋە كۆكلۈل ئېچىش
سورۇنلىرىدىكى ئۇسكۈنىلەر ۋە كۆكلۈل ئېچىش سورۇنلى-
رىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان هەر خىل كۆكلۈل ئېچىش پائالى-
يەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىغا ۋارىس-
لىق قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىدىكى بىر قىسىم مۇراسىملاردا
ئوينىلىدىغان ئويۇنلار، يەنى «ئىلەڭگۈچ» ئويۇنى،
«چېلىشىش» ئويۇنى، «سارغايدى» ئويۇنى، «تەپكۈچ»
ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار ئۇيغۇر بالىلارنىڭ دائىرىسى-
دىن هالقىپ چىقىپ، باشقا مىللەت بالىلىرىنىڭمۇ قىزىقىپ
ئوينايدىغان ئويۇنلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئويۇن تۇرمۇش ئارقىلىق تەربىيە بىلەن باغلىنىپ،
هەر بىر بالا، هەر بىر گۇرۇپپا ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا تۇ-
تۇشۇپ، بالىلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئويۇن
بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مە-
نىۋى ئوزۇق. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى
ئويۇن تەشكىللەش ۋە ئويۇن ئويناشتا بالىلارنى قول
سېلىپ ئىشلەشكە، كاللا ئىشلىتىشكە، دوستلۇق ئورنىتىشقا
يېتەكلەپ، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ۋە ئىجادچانلىقى-
نى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.


ئۇيغۇر بالىلىرى ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى
ئويناشقا ناهايىتى ئامراق بولۇپ، بۇ ئويۇنلارنى
ئويناش يولى بىلەن ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىغا
كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋارىسلىق قىلغان، شۇڭا تۇرمۇش-
ىمىز ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلى-
نىشتىكى مۇھىم يولدۇر.



سىدىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىپ، تار-
قىلىش شەكلى بىلەن خەلق ئارىسىغا تارقىلىدۇ. مىللىي
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن ناهايىتى
زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا
ئىگە. شۇڭا هەر بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى شۇ
مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور
رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى مىللىي ئەنئەنى-
گە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ مىللىي مەدەنى-
يەتنىڭ مۇھىم ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا، بۇنىڭدا شۇ
مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن هەرىكەت، تەپەك-
كۇر، هېسسىيات ۋە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردى-
كى ئەندىزىسى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ.

ئويۇن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولىدۇ.
خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى-
مۇ ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ. ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى



# ئۇلۇغ ئالىم ھۈسەينخان تەجەللىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى

مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

(بۇ ماقالەمنى تەجەللى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىغا، ۋاپاتىنىڭ 81 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇچى ئەدىبلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خىمىك ھۈسەينخان ئەكبەر تەجەللى مىلادىيە 1848 ـ يىلى (ھىجرىيە 1264 ـ يىلى) ① خوتەن② ۋىلايەت، قاغىلىق ناھىيە زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىمى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى تەجەللىنى مەككىگە بارغان، ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئالغان. ئوغلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىجتىھاتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئاتىسى سەئىد قۇتبىدىن شاھ ئۆز پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىمتىھان بەرگۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىنىڭ دېھلى دارىلئۇلۇم مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ ئىسفاھان دارىلفۇنۇنىدا، ئافغانىستاننىڭ كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتىدۇ. تەجەللى ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتقىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق


كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستى-
دە ئىزدىنىپ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى»③لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ،
مەدرىسنى تاماملىغان تەجەللى ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، تۈركىيە،
ھەتتا روسىيىلەرگىچە بېرىپ ساياھەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن خېلى بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ.
تەجەللى ھەج قىلىش ۋە ئىلىم ئېلىش پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا
ھىندىستاندىن قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىتقا كەلگەندە ئانىسى بۇبى گۈلسۇم خېنىم④ بەختكە قارشى ئالەم-
دىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەركەن دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتۇلى يولىدىكى كېچىكتىن ئۆتۈشىدە بارلىق بې-
ساتلىرى دەرياغا غەرق بولىدۇ. تەجەللى قاتمۇقات مۇسىبەت، يول ئازابىدا غەم - قايغۇغا چۆمگەن ھالدا يەركەن-
گە كېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت ئىدى.
شۇ چاغدىكى يەركەن ۋالىيسى شائىرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت - كامالەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتىسى بىلەن بىرگە
ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىم - مەرىپەت بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆپلەپ ئېھتىرام بىل-
دۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا
قولدىن - قولغا ئېلىنىپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا ئالىملار ۋە ئەدىبلەرگە سۆزلىگەن دىنىي، پەننىي، ئەدەبىي بايانلىرى
تىللاردا داستان بولۇپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلىتى ھەر تەبىقە
زاتلىرىنى، ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەركەندىكى «يېشىل مەدرىسە»گە مۇدەررىس
بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت دەرياسىدىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، شېئىرىيەت گۈلشەنى-
دىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كې-
سەلدىن شىپا تېپىشىغا يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ھەق ئالمايدۇ ھەم خىمىيە ئىلمى بويىچىمۇ
تەجرىبە - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تېبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ سە-
ۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇنداق ئوڭۇشلۇق شارائىت تەجەللىگە ئىنتا-
يىن ئاز ۋاقىت خۇشاللىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. ئالىمنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا
مۇنداق چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ھەسەت
ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئالىمغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ئاخىر ئالىمغا ئىنتا-
يىن رەزىل ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تەھدىت، ئەپسانىلەرنى توقۇپ ۋە ئويدۇرۇپ
چىقىرىپ، ئالىمنىڭ ئىناۋەت ھۆرمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا، ئالىمنىڭ ئالدىدا يۈزمۇيۈز بىئەدەپلىك قىلىپ،
ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئازاب - كۈلپەت خەنجىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق ھەسەتخور نادانلارنىڭ
غەيۋەت - شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان نازۇك تەبىئەتلىك، يۈكسەك غەيرەتلىك ئالىم خېلى ئۇزاق
مۇددەت يەركەن شەھىرىدە دەرد - ئەلەملەر بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قەلەم شەمشىرىنى
ئىشقا سېلىپ، ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا قەسىدە - شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى-
نى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ قەسىدىلەر ۋە شېئىرلار ئالىمنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى»، «دىۋان ئەرە-
بى» ۋە «توھپەتۇل بەھرەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.
بۇ ۋاقىتتا ئۇ يېقىن بۇرادىرى مۇتىۋۇللا ئەلەم⑤ ئاخۇنۇمنىڭ جان - دىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە
بىر مەزگىل خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. بىراق، مەرىپەت ئەھلىگە ھەسەت قىلىش ۋە دۈش-
مەنلىك زەھرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەتتا
ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا تەجەللى ئۈستىدىن نۇرغۇن تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ
چىقىرىپ، بەتنام چاپلاپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرى ئۇ مۇتىۋۇللا ئەلەم ئا-
خۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەركەننى تاشلاپ قاغىلىققا يۆتكىلىدۇ. ئالىم مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قاغىلىقتىكى

يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىنى قاغىلىق بازىرىدا ئولتۇرۇپ مۇددەرىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئالىم
ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، بىر
مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بورا كەنتىدە تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن گۇما ناھىيىسىنىڭ كوھتامغا
(ھازىرقى كىلىياڭ) يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە سۇپۇرگە ھاجىم دېگەن كىشىدىن 82 تەڭگىگە بىر
يۇرۇش ئۆي، يەر، ئورمان سېتىۋېلىپ، بۇ جايدا ئائىلىسى بىلەن يەتتە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. شائىر ھەم خەتتات
ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قىزى ھەمراخاننى ئوغلى ئوبۇل ھۇداخانغا ئېلىپ بېرىپ، ئىسمائىل ھاجىم بىلەن قۇدا بولۇ-
شىدۇ. بۇ جەرياندا تېۋىپلىق ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن قاغىلىقتىكى ئۆلىما، يۇرت - مۆتىۋەرلىرد-
نىڭ تەلىپى بىلەن كىلىياڭ يېزىسىدىكى ئۆيىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە 50 تەڭگىگە سېتىۋېتىپ قاغىلىققا كې-
لىدۇ. قاغىلىقتىكى بارلىق خەلقلەر ئۇنى مۇددەرىسلىك ياكى خاتىپلىققا ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەشكە تەكلىپ
قىلىدۇ. ئەمما، ئالىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالقراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلىم ۋە ئىبادەت
بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان قاغىلىق چارباغ يېزا شور ئېرىق كەنتىدىكى مەرد-
پەتپەرۋەر شائىر، مۆتىۋەر زات نازارىخان ھاجىم تەجەللىگە ئىخلاس قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن ياساپ ئەمدىلا
كۆچۈپ چىقاي دەپ تۇرغان يەتتە ئېغىز ئۆي، بىر يۇرۇش باغلىق ھويلىنى ياردەم قىلىدۇ. ئالىم بۇ جايغا چىقى-
قاندىن كېيىن، ئايالى بۇۋى مەينىسا خېنىم ۋە ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەن شائىر فۇرقەت بىلەن تېبابەتچىلىك
ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم
ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتنىڭ ئۇرۇقىنى ھەممە يەرگە چاچىدۇ. تەجەللىنىڭ ئىلىم - پەزىلىتى ۋە ئۆلىمالىقى-
كى شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر، يەركەن، پوسكام، گۇما، خوتەن قاتارلىق يىراق - يېقىندىكى بىر قىسىم
ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ھازىر بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن باشقا،
ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان پېشقەدەم ئۆلىما مۇددەرىسلەرمۇ ئۆز بىلىملىرد-
نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلىم ئىقتىدارىنى سىناش يۈزىسىدىن تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دەرس ئالىدۇ.

مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇملىق ئابدۇجېلىل دامولللا
ھاجىم، شۇنىڭدەك ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئابدۇقادىر دامولللا، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا، يەركەنلىك سالىھ دا-
موللا، زىرىپ قارى ھاجىم، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر زىيائى، پوسكاملىق ئىسرايىل دامولللام، تۇرپاندىن مۇتىۋۇللا
ئەلەم، قاغىلىقتىن ئابدۇۋايىت قازاخۇنۇم ⑥قاتارلىقلار ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.

ئۇ ئۆز تېببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللەرنى، جۈملىدىن يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە،
سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە داۋالاپلا قالماي، بەلكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويى-
چە داۋاسى تېپىلمىغان راك ⑦ (سەرتان) كېسىلىنى يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
داۋالاپ ساقايتقان. تەجەللى يەرلىك چۆپ - دورىلارنىڭ خىمىيىۋى تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە
ئېنىقلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، كېسەل كىشىلەرنى كۆپىنچە ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان.

دورىگەرلىك جەھەتتە، قەدىمكى تېببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان
نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياك، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى سىستىرخىنىن كومۇلچى، پولات كۆشتىسى،
سىماب كۆشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ئىجاد قىلىپ،
خەلقنى داۋالاپ، كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە بۇ تېببىي ئەسىرىدىن «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «شە-
پايى سىيادادى» ⑧، «مۇجەررىباتى تەجەللى»⑨، «شىپايى شەيخ»⑩، «مۇرەببى تەجەللى»⑪ قاتارلىق قولياز-
ما كىتابنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى
خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى 125 يېشىدا ۋاپات
بولغان مۇدىر ۋراچ، داڭلىق پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم (مەزكۇرغا 1983 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى



بىرىلگەن ئىكەن) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، داڭلىق تېۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىنا ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇد ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى (سۆھبەتدىشى)، مۇسا ئاخۇنۇم (شاگىرتى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ تىببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان تېۋىپلاردۇر.

تەجەللى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ مەزمۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش، توغرا شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر كىتابلىرىنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان. يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭغا شەرھ يازغان. ھىجرىيە 515 - يىلى (مىلادىيە 1121- يىلى) ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاف» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ يازغان «تەجدىدى كەششاف»[12] دېگەن ئەسىرى ئەنە شۇ مەقسەتتە قىلغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

تەجەللى جامائەتچىلىككە گەرچە ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقاندىن باشقا، شېئرىيەت ساھەسىدىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ ھىندى، ئەرەب، ئوردۇ، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» ناملىق دىۋانى ھىجرىيە 1317 - يىلى (مىلادىيە 1899 - يىل) 43 يېشىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» [13] مەتبەئەسىدە 1000 دانە بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شان - شۆھرىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. تەجەللىنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، خەت يېزىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان.

تەجەللىنىڭ قوقانلىق شائىر مۇھى، شائىر زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت[14]، گۇمىلىق شائىر ئىسمائىل ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئالماشتۇرغان خەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. تەجەللى مۇھىنىڭ دوستلۇق خېتىگە نەزمە يېزىپ، مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ[15].

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزارتقاندەك،
سېنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۇم.
فۇرقەت قەلبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى دىللەرگە شىپاھ،

سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلى سەن سايرا ۋەر مۇدام،
بۇ ئالەمدە ناۋايدەك بولۇپ قال يەكتا.

مانا بۇ جاۋاب خەتتىن تەجەللىنىڭ مۇھىمغا بولغان كۆڭۈل ئىزھارى ۋە تەشەككۇرىنى، مۇھىمنىڭ نەتىجىسىگە بولغان قايىل بولۇش ھېسسىياتىنى، تىلەكداشلىق پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ـ قويۇقلۇقىنى ھەم بۇ دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە فۇرقەتنىڭ ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تەجەللىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئەينى دەۋردە يالغۇز قاغىلىقتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىشى ئۇنىڭ بىر قىسىم دۈشمەنلىرىنىڭ قاتتىق ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەجەللىنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەن بۇ چۈپرەندىلەر ئۆزئارا تېپىشىپ، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، تەجەللىگە قارشى بىرلەشمە سۇيىقەست پىلانلاپ، جاي ـ جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەجەللىنىڭ كىتاب ئەسەرلىرىنى يىغىپ يەركەندە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەجەللىنى قاغىلىقتىكى مۇھەممەد نىياز بېگىم دېگەن كىشى يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تەجەللى مەرھەممەت قىلىپ كېلىپ بۇ يەردە 25 يىلغا يېقىن تۇرۇپ، 1927 ـ يىلى (ھەجرىيە 1345 ـ يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى سەيشەنبە كەچ 73 يېشىدا كېسەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئالىمنىڭ جەستى قاغىلىق ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئالىم ئوتتۇرا بوي، چاچ ـ ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ، قاڭشارلىرى ئىنچىكە، چىرايلىق ۋە تۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۆلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق، چىرايىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان، جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۇچۇن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى.

تەجەللى ئوغۇللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، تەجەللىنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى سەبدەر ئىلى، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھەيدەر ئىلى ئىكەن. ئەنگلىيە ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن، تەجەللىنىڭ ئۆگەي ئانىسى بۈبى خەدىچە خېنىم، تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئانا بۆلەك بىر تۇغقانلىرى: مۇنىردىنخان ھەزرىتىم، نۇسرىدىنخان ھاجىم، سەئىد پارۇخخان ھەزرىتىم، مەختۇم خېنىم، مەپىزە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۇسرىدىنخان ھاجىم گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسسىلا كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن: ئىسراپىلخان بار، قالغان تۆت بىر تۇغقىنىنىڭ ئەۋلادلىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزا دۆڭچاقار، ئايكەنت، قاغىچى، قاراغۇ ئىغىز قاتارلىق كەنتلەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تەجەللى ھەزرەت ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن. تۇنجى ئايالىدىن تۆت ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن. بۇ ئايالىنىڭ ئىسمى بۈبى مەيىنسا خېنىم بولۇپ، زوڭلاڭ مازىرىنىڭ شەيخى يۇنۇس شەيخىمنىڭ قىزى. ئىككىنچى ئايالى زىننەت خېنىم گۇمىنىڭ پىشنا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايالىدىن كارامەتنىسا خېنىم ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. بىرىنچى ئايالىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئىسىملىكى: سەئىد ئەبۇلھۇداخان، سەئىد رۇھۇلھۇداخان، سەئىد نۇرۇلھۇداخان، سەئىد زورۇلھۇداخان، قەمەرنىسا خېنىم، بۈبى ئالىي خېنىم، ھاسانى خېنىم، مەھبۇبە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

تەجەللىنىڭ ئىجادىيىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەجەللى يازغان ئەدەبىيات، تىبابەت، پەلسەپە، دىن ئىلمىگە دائىر كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق نادىر ئەسەرلەردىن خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغان «بەرق تەجەللى»[16]، «سەبەق مۇجەللى» نامىلىق 144 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي دىۋانى بىلەن خوتەن، گۇمىدا ياشىغان مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇلغارىيىدە نەشر قىلىنغان «دىۋان تەجەللى» نامىلىق ئەسىرى ۋە شۇ زاماندىكى تۈركىيە سۇلتانى ئابلىمىت خانغا يېزىپ تەقدىم قىلغان «رەيىت»[17] نامىلىق كىتابى ھەمدە «دىۋان ئەرەبى»[18]، «مەجمەئەتۇل قەسايىد»[19]، «سەبدەر نامە»[20]، «تىلسىم ئىشىق»[21]، «ساقى نامە»، «مۇراققى كەلىمە شېرىپ»[22] قاتارلىق كىتابلىرى يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بەرەقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» نامىلىق توپلىمى ئالىمنىڭ ھىندىستاندىكى ئوقۇش مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە ۋە ھىندى تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن 17 پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىدىن ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان نەزمىلىك سالام خەتلىرىدىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت. ئالىم توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن باشلاپلا، كونا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇلغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەنتىقە باغلىنىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىل رەڭدارلىقى ھەمدە بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش، كۈچلۈك لوگىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن:

سەنسىز ئۆلسەم باغ ئارا، ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن باغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

(سەن بولمىساڭ باغ ئىچرە يۈرگىنىم بىلەن ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تېغىدۇر، سەن بىلەن تاغدا يۈرسەم ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر)

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ يۇقىرىقى ھېسسىياتىنى قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن، شائىر ھۆسەينىخان تەجەللى بىلىم ئۆگىنىش، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ بىلىدۇ. «دۇنياغا كېلىش ۋە ياشاشتىن مەقسەت، بەخت ـ سائادەت يارىتىش ۋە بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئىلغار قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۈملىدىن، «ھايات گۈلىستانىغا»، «شامالدەك ئۇچۇپ كىرىپ»، «چىمەن ئىچىدە بەزمە قۇرايلى» دەپ يېزىپ، ئەجىر ھەم مېھنەت بىلەن ھايات ھۇزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

مەسىلەن:

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىھادەك ئۆرۈپ دەم،
مەئارىفدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.
باھاردا ۋە فايىق غەنىيمەتتۇر ئول كىم،
چىمەن ئىچرە، بىر بەزمە ئىشرەت [23]قۇرەلىم.

(ھەقىقەت ئىلمىدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ مائارىپتا يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى).

1895 ـ يىلى[24] ئۇستۇن ئاتۇشتىكى مۇساباي ھاجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغۇللىرىغا «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرىنى ياساپ چىقىشنى ۋە يېنىغا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ھۆسەينىيە مەكتىپىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى 1896 ـ

يىلى رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 1898 ـ يىلى ئىككى يىلغا يېتەر ـ يەتمەي گۈمبەز مۇنارىسى ئاسمانغا بوي تارتقان كۆركەم مازار بىلەن ئازادە سېلىنغان يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكساقتا قەد كۆتۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن تەجەللى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرىدا بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇلۇشنى ياساشقا ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇساباي ھاجىغا ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بەجا كەلتۈرگەن ھۈسەيىن ھاجى بىلەن باھاۋۇدۇن بايغا ۋە قۇرۇلۇشنى سالغۇچى ماھىر ئۇستىلارغا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە غەزەلىي تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

تەجەللى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ قەسىدىسىدە «ھەبىب ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تەسىس قىلىنغان «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا مەردلىك كۆرسەتكەن مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيتى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشقا بەل باغلىغان ئوغۇللىرى ھۈسەيىن ھاجى، باھاۋۇدۇن بايلارنى ئىنتايىن يۈكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن.

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق قەسىدىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ھۈسەيىنخان بۇ قەسىدىدە ئۆتكۈر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسى ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق»نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى كۆركەم بىر بەدىئىي شەكىلدە ئۇتۇقلۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

قەسىدىدە «ئاق»، «قارا» سۆزى باشتىن ـ ئاخىر مەجازى ۋاسىتە سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئۇنىڭدىن بىز پىشقان بىر پەيلاسوپنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىدىن ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئوبيېكتىپ باھالىرىنى، مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىلمىي چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىككى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ھايات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھالار بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھە ئاقلىقدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئېردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار ـ تار.
چەشمائى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى
بىرلە دەھرنىڭ،
يۇپ يۈزىدىن قارىسىن كۆزگۈدەك
ئەتتى ئابدار.



تەجەللىنىڭ سەللىسى ۋە سىياھ قۇتىسى

(سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى.

قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال ـ تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.

قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇلۇقنى)

يۇيۇپ، سۇپسۇزۇك ئەينەكتەك روشەن قىلدى).

بۇ مىسرالاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، روشەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئىلمىي يەكۈن قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەرقانداق كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ھۇسەيىنخان (تەجەللى)نىڭ ئىجادىيەتلىرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ پارس تىلىغا ماھىر كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدىمۇ ئەسەرلەر يارىتىشقا ئالاھىدە قابىلىيىتى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئاساسەن ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھايات، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازادلىق، ھۆرىيەتكە ئىنتىلىشتەك ئىلغار ۋە جەڭگىۋار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ساداقەت، سەممىيەت، مۇھەببەت قاتارلىق ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ساختىپەزلىك، زالىملىققا ئوخشاش رەزىل، ئىپلاس قىلمىشلارنى كەسكىن قارىلىغان.

ئۇ يەنە «تىببىي ئەزەم» ناملىق پارسچە تىبابەت كىتابىنى قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭدا ياشىغان مەزگىلدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن.

**تەجەللىنىڭ قەبرىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىشى ھەمدە گۇمدىكى ئۆيىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى**

تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەجەللى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن قەبرىسىنىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن پەنجىرە ياسىغان، قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر مو چامىسىدىكى دائىرىنى قورشىغان ھالدا قورۇ - تام ياسىغان ھەمدە قەبرە قورۇسىغا كىرىدىغان چوڭ ياغاچ دەرۋازا بېكىتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قاغىلىق ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئالىمنىڭ قەبرىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى پارلاق نۇرىنى چاچتى. 2 - بىناكارلىق ئەترىتىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار ۋە يەركەندىن چىققان ئۇستىكارلار قاغىلىقنىڭ بىشبېرىق يېزىسىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار تەرىپىدىن ئورنى يىتۈپ كېتەي دېگەن مەقبەرىنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا سەككىز پۇڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پىششىق خىش بىلەن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قورۇ - تام چۆرۈدى. قەبرىنى كۆركەم قىلىپ ياساپ، گۈل - نەقىش چىقىرىپ ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى ھەمدە خىش، سېمونت، پولات چىۋىق بىلەن ئۇيغۇرچە نۇسخىدا قەبرىگە كىرىش ئىشىكى ۋە گۈمبەز چىقاردى ھەمدە چوڭ قاتناش يولىدىن قەبرىگە بېرىش ئۈچۈن، كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 680 مېتىر قىلىپ يول ياسالدى. مەخسۇس بىر كىشىنى قەبرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بېكىتتى. 2007 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر بۇ جاينى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن كەلگەندىن باشقا قوشنا ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار، تەتقىقاتچىلار ۋە چەت ئەلدىن ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ساياھەتچىلەردىن بولۇپ، نەچچە ئون مىڭلىغان كىشى بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلدى.

شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللى خوجا - ئىشانلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىدىن خالىي بولۇش مەقسىتىدە، شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن شۇ زاماندا گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلياڭ يېزا كۆتام مەھەللىسىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن كىشىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ۋە يەر سېتىۋالغان، كۆتام گۇما دەرياسى (تازغۇن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى مۇشۇ

يەردىن كېسىپ ئۆتكەن. بۇ جاينىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەجەللى مۇشۇ جايدا تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن تونۇشقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاپ ساقايتقان، نۇرغۇن ياشلارنى ئوقۇتقان. تەجەللى كۇتامدا ئالتە يىل تۇرۇپ، 1922 ـ يىلى ئۆيلىرىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە سېتىۋېتىپ، قاغىلىقنىڭ كاسكى يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تەجەللى ـ مۇجەللى»㉕ ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ 15 مىڭ نۇسخا تارقاتتى. 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى مۇختار ماموت مۇھەممەدى تۈزگەن «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلامنى 3000 نۇسخا تارقاتتى. مەرھۇم باتۇر روزى يازغان «شېئىرىيەت نۇرى ـ تەجەللى» ناملىق كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 5000 نۇسخا تارقاتتى.

تەجەللى ئەسەرلىرىنى قېزىش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىشلەندى. يېقىندىن بۇيان، تەجەللىنىڭ ئاق كېسەل قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن يازغان 80 پارچىگە يېقىن يەككە دورىلار رېتسېپى «شىپايى سىيادادى»، «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «مۇجەربىباتى تەجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى دوست ـ بۇرادەرلىرىگە يازغان 280 مىسرادىن ئارتۇق ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە شېئىري سالاملىرى «تۆھپەتۇل بەررەئىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى»، «مەجمەتۇل قەسەئىد» قاتارلىق كىتابلىرى ھايات ۋاقتىدا بېشىغا ئورۇلغان مەللە رەڭ سەللىسى، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن رەڭ چىلىغان دەۋىتى، كېسەل داۋالىغاندا راك كېسەلگە تاماق بەرگەن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تەخسىسى، دورا قۇتىسى ۋە ھاسىسى قاتارلىق نەرسىلىرى تېپىلغاندىن باشقا، ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قولىيازما كىتابنى يەركەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، 1958 ـ يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارغا يەركەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تاپشۇرۇپ بەرگەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» ناملىق كىتابتا يەنە مەۋلانە ھۇسەيىن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ مىلادى 1894 ـ يىللىرى «تەمەتىل ھەۋاشى ئىزلەتىل غەۋاش» ناملىق بىر كىتاب توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەن، بۇنىمۇ مەن ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ كىتابى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللي دىني سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. خەلقىمىزنىڭ سىياسي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ، ئىلىم سۆيەر، ئەمگەكچان قاغىلىق خەلقىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىپ، تۆتنى ئىشقا ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا زور ئىلھام بەردى.

نۆۋەتتىكى خۇش خەۋەر شۇكى، ئالىم تەجەللى ھەققىدە ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى مەخسۇس تەستىقلىدى. تەجەللىنىڭ مازىرىنىڭ قورۇسىغا قويۇلغان باشقا مېيىتلەر يۆتكىۋېتىلدى. تەجەللى مازىرى بۇ يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق قىلىپ تەستىقلاندى. ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ «شىپايى سەھىيدى» ناملىق تىببىي كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئاخىرىدا كىتابخانلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ئالىم تەجەللىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. بولۇپمۇ تىببىي ئىلمىگە دائىر رېتسېپلىرى ئاز تېپىلدى. ئۇلۇغ ئالىم توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ساقلاپ قويغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

①ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەجەللىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى مۇشۇ ماقالىدە دېيىلگەن بويىچە بېكىتىلدى.
② ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى.
③ مەۋلىۋى: ئوقۇغان مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان.
④ بۇبى گۈلسۇم خېنىم: يەركەندە ئۆتكەن سېيىت جالالىدىن ھەزرىتىمنىڭ قىزى.
⑤ مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم: (ھىجرىيە 1823 ـ يىلى) مىلادىيە 1908 ـ يىلى ۋاپات بولغان، ئەسلى تۇرپانلىق كىشى بولۇپ، قاغىلىقتا ئەلەم بولغان.
⑥ سۈت ئاقىدىغان ئېرىق دېگەن مەنىدە.
⑦ ئابدۇۋايىت قازى ئاخۇنۇم ـ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەۋرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مەرھۇم ئەيسا شاكىرنىڭ بوۋىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇششاقباش ۋە زوڭلاڭ يېزىلىرىنىڭ قازىسى بولغان.
⑧ يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ زاماندىكى كۆچانىڭ چوڭ ئەمەلدارىنىڭ قىزىنىڭ بويۇن راكنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىيالماي قاغىلىققا ئەكېلىپ تەجەللىدە ئىككى ئاي داۋالىتىپ سەللىمازا ساقايتىپ ئەكەتكەن ئىكەن.
⑨ شىپالىق مۇھىم رېتسېپلار.
⑩ تەجەللىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى.
⑪ شىپايى ئۇستاز.
⑫ غەمخور تەجەللى.
⑬ كەشپىياتنى يىغىلاش.
⑭مەتبەئى خۇرشىدى: قۇياش مەتبەئەسى.
⑮ زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت: 1859 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوقەند شەھرىدىكى غىشت كۆيرۈك گۈزەرى «ئىشكى پىشرىق» مەھەللىسىدە كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1909 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بوغۇز ئاغرىقى بىلەن يەركەندە ۋاپات بولغان.
⑯ ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.
⑰ تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن.
⑱ تەجەللىنىڭ مۇسابىقە جەريانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى.
⑲ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى.
⑳ قەسىدىلەر توپلىمى.
㉑قەھرىمانغا بېغىشلانغان شېئىرلار.
㉒ ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى.
㉓ ئۇلۇغلار ھەققىدە كەلىمە.
㉔ تەجەللى بۇ يەردە مۇقامشۇناس ئامانىساخانىڭ ئىشرەت ئەنگىز مۇقامىنى كۆزدە تۇتىدۇ.
㉕ ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى تۈزگەن «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالنىڭ 12 ـ، 13 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.
㉖ تەجەللى ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، چاقناپ تۇرغان نۇر، مۇجەللى مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى دېگەن مەنىدە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ئابدۇرېھىم سابىت: 1985 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب.
②ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەپ باسقان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنال، 12 ـ، 13 ـ بەتلىرى.
③ ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى نەۋرىلىرىدىن شەمھۇلداخان غوجا ۋە سەئىد قۇربىدىنخان تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىستېمالىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئابدۇقەييۇم مىجىت

2009.1

ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىنىڭ بازارلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلەندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىچىملىك مەدەنىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەردىكى ياخشى ئامىللارنى تېخىمۇ غولدىتىش، يامان خاھىش ۋە يۈزلىنىشلەرنى دەل ۋاقتىدا توسۇش ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن تەخىرسىز بىر مەسىلىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار يېمەك مەدەنىيىتى جەھەتتە خېلى يۇكسىلىپ، ئاشپەزلىك كەسپى مىللىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىدە مۇھىم كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئىچىملىك مەدەنىيىتى جەھەتتە تېخىچە ئىستېمالچى ئورنىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. «يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋىلىككە، دەۋرىيلىككە، نىسپىي ئۆزگىرىشچانلىققا ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ»①. ئۇيغۇر ئىچىملىك مەدەنىيىتى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا قانداق مىللىيلىككە ئىگە؟ ئىچىملىك مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋىلىك زامانىمىزغا كەلگەندە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر مىللىي ئىچىملىك سانائىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىستېمالىدىكى رولى ۋە تەسىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى جىددىي ئويلىنىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، نۆۋەتتە خەلقىمىزنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەقلىي ۋە ئىلمىي يۈزلىنىشكە يېتەكلەش بەك مۇھىم.

مەلۇم بىر ئىچىملىكنى ياساش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ماتېرىياللارنىڭ توپلىنىشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شۇ ئىچىملىكنى ياساشنىڭ جەريانىدىكى ھەرقايسى قەدەم باسقۇچلىرى (ئىشلەپچىقىرىش جەريانى)، ئىش تەقسىماتى، ئاندىن ئۇنىڭغا مەلۇم بىر ماركىنى بېكىتىش، بازارغا سېلىش، سېتىۋېلىش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە باغۇەنچىلىك، سودا، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش، ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بەزى تۈزۈم، ئادەت ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلەر، ئەخلاق مىزانلىرى چوقۇمكى بىر مەدەنىيەت زەنجىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىز «ئىچىملىك مەدەنىيىتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشنى ئارتۇقچە ئەمەس دەپ قارايمىز. چۈنكى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئېيتقاندەك: «مەي (ئىچىملىك) ـ ئاددىيلا مەئىشەت ۋاستىسى بولماستىن، مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر»②. ئىچىملىك سۆزى ئىنسان ئىچىدىغان (ئىستېمال قىلىدىغان) سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئىچىملىك» سۆزى پەقەت «ئادەمنى مەست قىلىدىغان ياكى سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغاندىلا ئاندىن ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇقلار» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنماقتا.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئىچىملىككە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىلىدىغان ئىچىملىكلەر ۋە شىپالىق (مەسىلەن، ئاچچىقسۇ، سىركە... دېگەندەك) رولى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئىچىلىدىغان ئىچىملىكلەر، دەپ ئىككىگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن رايونلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرغاق رايون بولغاچقا، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان يەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا مۇۋاپىق بولغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مىزاجىغا ماس كېلىدىغان ئۆزىگە خاس ئىچىملىك ئىستېمال ئادىتىنى شەكىللەندۈر-

گەن. قەدىمدىن تارتىپ چەكسىز قۇملۇقلاردىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلاردا ياشاپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۆچمە مەھەللىلىرىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى بولغان يېمەك - ئىچمەككە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن، ئەجدادلىرىمىز يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا ئۆزىگە ئۇپ (ئىسسىق) ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىر مەھەللىدە بىردىن مۇزخانا كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ياغاچ - تاش يىمەكلەرنى سېلىپ يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدىمۇ جانغا راھەت بېغىشلايدىغان مۇز سۇلىرىنى ئىچىپ ئۆزىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، قىش پەسلىدە دەريا ۋە كۆللەردە مۇز تۇتقان ۋاقىتلاردا پۈتۈن مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممىسى سەپەرۋەر قىلىنىپ مۇزخانىلارغا قېلىن - قېلىن مۇزلار چۈشۈرۈلۈپ، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلىتىدىغان مۇزخانىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ، مۇز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاغزىنى ھالدا مۇزلارنى يەنە يىكەن بىلەن ياخشى يۆگەپ قويۇپ، مۇزنى ئېرىتىۋەتمەي پاكىز ساقلاشتەك ئېسىل ئادەت بار ئىدى. بۇ ئادەتنىڭ قەدىمىيلىكى ھەققىدىكى خاتىرىنى ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتايمىز)دىن ئۇچرىتىمىز. «دىۋان»دا: «بۇزلۇق - مۇزلۇق، مۇزخانا»③ دېگەن بىر سۆز خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىرغاغ - مۇزنى مۇزخانىغا تارتىپ كىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك.»④ دېيىلگەن. ئەجدادلىرىمىز يەنە ھەرقايسى ئۆتەڭلەردە مەخسۇس سۇخانىلارنى قۇرۇپ يولۇچىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ دىيارىمىز تەۋەسىدىكى بەلباغلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ كەلگەن. «دىۋان»دا يەنە: «مۇيانلىق» دېگەن بىر سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «مۇيان - ساۋاب. مۇيانلىق - يول ئۈستىدە يولۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ياسالغان سۇ ئىچىش ئورنى. سۇخانا»⑤ دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئادەتنى خەلقىمىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ھەر بىر ئۆيدە بىردىن توڭلاتقۇ بولۇش ئومۇملىششقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن جۇلاپ، چۆلە، دوغ (دورغاپ)، قادۇ، قىمىز، مۇسەللەس، سۈت، ھەسەل سۈيى، ئۈجمە شىرنىسى ۋە ھەرخىل مېۋە شەربەتلىرى (مەسىلەن، ئۈزۈم شەربىتى، ئانار شەربىتى، جىگدە شەربىتى...) قاتارلىقلاردۇر. بۇنداق ئىچىملىكلەرنى ياساش ۋە ئىچىش ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەتتا بەزى ئىچىملىكلەر ئائىلىلەردىلا ياسىلاتتى. ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس راھەتلىق كەسپى شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇز سۈيىنى قىرىپ، مۇز (ئاز مىقداردا سۇ) بىلەن قېتىقنى ياكى مۇز بىلەن ئۈزۈم شەربىتى (شىرنىسى)نى ئارىلاشتۇرۇپ «دوغ» (خوتەندە ‹قادۇ› دەيدۇ) دېيىلىدىغان ئالاھىدە ئىچىملىك تەييارلىنىدۇ. مۇزغا ئۈزۈم شەربىتى، ھەسەل، قىيام بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكىنى «ساراڭ دوغ»، مۇزغا ئۈزۈم شەربىتىنىلا ياكى قېتىقنىلا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكىنى «ئوڭ دوغ» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماروژنى (قەشقەر شىۋىسىدە «مەرەج» دېيىلىدۇ)مۇ ئېتىلىدۇ. كىچىك بالىلارمۇ قار ياغقاندا كۆللەردىكى مۇزلارنىڭ ئۈستىگە ياغقان پاكىز قارلارنى يىغىپ قاچىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ ئۈزۈم شىرنىسىنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ناھايىتى تەملىك ئىچىملىكلەرنى ياساپ ئىچەتتى. لېكىن بۇ ئادەت مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش «رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى» بىلەن يوقالدى. ياز كۈنلىرى ئەمگەكنىڭ ئالدىراش ۋە قايناق مەزگىللىرىدە ئېتىز بېشىدا مۇز سۈيىگە ئۈزۈم شەربىتى قويۇپ ئىچكەچ نان يەيدىغان ئەھۋاللارنى ئەمدى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئوبيېكتلىرى ۋە ئادىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئىسلام دىنىدا «ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزى ھەم كۆپى ھارام»، دېيىلگەن بولغاچقا، «مەست قىلغۇچى ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى ۋە يېشىل ئىچىملىكلەر (مەسىلەن، مەيزاپ، قىمىز، بوزا قاتارلىقلار) ئىگىلىگەن»⑥. ئىسلام دىنى تەسىرىدىن «ئىچىش چەكلەنگەن ئىچىملىكلەر: (1) ھاراق (ئىسپىرتلىق بارلىق ئىچىملىكلەر)؛ (2) قان؛ (3) گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتى؛ (4)

گەندە يەپ سالغان هالال هايۋاننىڭ سۈتى؛ (5) ئادەم سۈتى (ئېمىش مەزگىلىدە تۇرغان بوۋاقلار بۇنىڭ سىرتىدا)» ⑦ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوچۇق ئاشكارا مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش جامائەت ئەخلاقى ۋە دىنىي ئېتىقاد تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنگەن ۋە چەكلەنگەنىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ هاراق ئىچكەن كىشىلەرنى ئەپسانە تىللار بىلەن دەپ تىللىشى، ھەتتا بەزى ئۆيلەردە ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ هاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاتا - بالىلىقتىن تېنىشىپ، ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە كەسكىن ئېتىرازىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

نېمىلەرنى ئىچىش، نېمىلەرنى ئىچمەسلىك ئەلۋەتتە شۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئەخلاق چۈشەنچىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. گەرچە نېمىنى ئىچىش، نېمىنى ئىچمەسلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە يۈزلىنىشىنى بەلگىلىۋېتەلمىسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان ئىچىملىكلەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، قىممەت قارىشى، ئىستېمال چۈشەنچىسى ۋە ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلاردا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆزگىرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى يامان بولۇشى ناتايىن، لېكىن شۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى مۇھىتىنىڭ ساغلام، پاكىز بولۇشىغا پايدىلىق بولۇشى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تىرەنلىكىمىزدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى شەرت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئىچىملىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان پەرھىزلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ئىچىملىكنىڭ پاكىزلىقى ۋە هالاللىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ نەقەدەر چىڭلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق ئىچىملىكنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش قاتتىق چەكلىنىدۇ ھەمدە چەينەكنىڭ ئېغىزىدىن بىۋاستە سۇ ئىچسە داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئىچىملىك ئىچكەندە (بولۇپمۇ سۇ ئىچكەندە) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىر قاچىدىن ئىچىشكە توغرا كەلسە، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئاۋۋال ياشقا، ھۆرمەتكە چوڭدىن ۋە ئۇلۇغدىن باشلىنىدۇ. سۇ (ئىچىملىك) ئىچكەن قاچىنىڭ ئىچىگە پۈۋلەش، تىنىش چەكلىنىدۇ. بىرەرسى بىر نەرسە ئىچىۋاتقاندا نىجىس، مەينەت نەرسىلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىق بىر ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان.

ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلاردىكى سۇلارنىڭ بۇلغىنىشى، ئازىيىپ كېتىشى، تۇرۇبىلاشقان ئىچىملىك سۈيىنىڭ كەڭ ئومۇملىششى ۋە ئىچىملىك سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىچىملىك ئىستېمالىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق سەۋەب بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىگىلىك شەكلىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ئىچىملىك ئىستېمالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. «ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن ئولتۇراقلىشىش ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقى، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ». ⑧ ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە سۈت ۋە قىمىزنى كۆپ ئىستېمال قىلاتتى. تۆگە سۈتى ۋە ئات سۈتلىرىنى ئېچىتىپ ياسالغان قىمىز، قېتىق، سۈزمە قاتارلىق ئىچىملىكلەر چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئېچىتىپ بوزا ياساش، ئۈزۈمدىن مۇسەللەس ياساش دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىشكە باشلىغاندىن كېيىن مەيلى ئىگىلىك شەكلىدىكى ئۆزگىرىش بولسۇن، مەيلى باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىش بولسۇن ئىنتايىن تېزلەشتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىي كارخانىلىرى ئىشلەپ چىقارغان قاراقات، زەمزەم كولا، كوۋاس، مۇسەللەس، پالۋان زەبىب شەربىتى، قىزىلگۈل شەربىتى، ئۆرۈك سۈيى، ئالما سۈيى، ئانار سۈيى، ئاچچىقسۇ (گۈلدىيار ئاچچىقسۈيى، خۇشبۇي ئاچچىقسۈيى)، ھەر خىل چاي ۋە يېڭى ئىچىملىك مەھسۇلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن بازارغا سېلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى ۋە خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان مەنىۋى چاڭقاقلىقىغا

ئۇسسۇزلۇق بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتلەر ئارا بولغان ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىستېمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، پىۋا، قەھۋە، ۋىسكىي، ۋىنو، براندى، ھەر خىل كولالارنى ۋە ھەرخىل ماركىلىق ھاراقلار، ئىلى ھاراقلىرى، گۆچۈڭ، شوربۇلاق ... قاتارلىق ئىسپىرتلىق ـ ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېمال ئۈستىلىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

ئىچىملىك ئىستېمالىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىچىملىك سانائىتىنىڭ ئۇل ئاساسىنى تىكلەپ، ئىچىملىككىمۇ يېمەكلىككە ئوخشاش تەڭ ئېتىبار بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. خۇددى دېموكرىت ئېيتقاندەك «تەن كېسەللىكى بولغاندەك ياشاش شەكلىدىمۇ كېسەللىك بولىدۇ»⑨. بىزنىڭ ئىچىملىك ئىستېمال ئادىتىمىزدىكى كېسەللىك ۋە يامان ئۆسمىلەرنى قانداق قىلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ؟ شەمسۇلمالى قابۇس ئۆزىنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئىچىملىك ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شارابنى مەست بولغىچە ئىچكەنىنىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىنىدۇ. تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ، پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ، قولۇڭ تۇتمايدىغان نەرسىنى تۇتىدۇ، كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ، ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ يەرگە ئۇرۇلىدۇ، ئىككىنچى، شاراب تەسىرى بىلەن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ»⑩. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئەسىرى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە: «بىر پىيالە ئىچمەك پەزىلەت، ئىككى پىيالە ئىچمەك ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ھاماقەتلىك، ئۈچ پىيالە ئىچمەك ئېشەك سۇغارغانلىق» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىستېمالىدا ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن ئىسپىرتلىق، گرادۇسى يۇقىرى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە، ئىچىملىكلەرنى ساقلاش ئۇسۇلىدا ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، قاپاق ۋە كۆپ قاتارلىق تەبىئىي نەرسىلەردە ساقلاشتىن ئەينەك ۋە تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەردە ساقلاشقا قاراپ يۈزلىنىش بىر روشەن، گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. «ئەخلاق ـ ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى، ئەيىبلىشى، ماختىشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىنكار قىلىشى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى تەڭشىشى، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ ھەم شۇ شەكىللەردە رول ئوينايدۇ.»⑪ شۇڭا بىز ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەمنىڭ مىزاجىنى ياخشىلايدىغان، ئېغىزنى خۇشبۇي، چىرايىنى خۇشخۇي قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى كۆپرەك ئىچىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرساق ئىچىملىك ئىستېمالىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولاتتى!

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


①،⑥ ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 195، 205 ـ بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىل 1 ـ سان.

③،④،⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 609، 191 ـ بەت ۋە 3 ـ توم 237 ـ بەت.

⑦ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىل 1 ـ سان، 40 ـ بەت.

⑧ روشەنگۈل ئابدۇكېرىم: «سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2007 ـ يىل 1 ـ سان، 81 ـ بەت.

⑨ «ساغلام تۇرمۇش يولى ـ تەپەككۇر گۈلشەنى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 633 ـ بەت.

(10) شەمسۇلمالى قابۇس (پارسچىدىن ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرجىمە قىلغان): «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 3 ـ نەشرى، 40 ـ بەت.

(11) ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 3ـئاي 1 ـ نەشرى، 158 ـ بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)

MIRAS

# قەدىمكى شائىرلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى

مۇھەممەد شاۋۇدۇن

بىز، ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ماھىر چاقچاقچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇلار قىزىق چاقچاق ـ لەتىپىلىرى بىلەن بىزنى كۈلدۈرۈپ، كەيپىمىزنى كۆتۈرۈپ، ھېلىھەم خۇشاللىقىمىزغا ئورتاقلىشىپ كەلمەكتە. قاقاقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلگەن كۆڭۈللۈك سورۇنلاردا ئۇلار ھازىر ھاياتتەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ئاشۇ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بىلەن بىزگە تېخىمۇ قەدىرلىك، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ.

يېتىشكەن شائىرلارنىڭ تولىسى پەلسەپىۋى پىكىر قىلىشقا ماھىر مۇتەپەككۇرلاردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شائىرانە تەپەككۇر بىلەن كېلىشتۈرۈپ چاقچاق قىلالايدىغان، ئىنكاسى تېز، قىزىقچى، يۇمۇرلۇق، لەتىپە ماھىرلىرى بولالىشى ناتايىن. بۇنداق ئالاھىدىلىك بىر قىسىم شائىرلاردىلا بار. بۇنداق شائىرلار تولىمۇ رومانتىك، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ئىنتايىن باي، ھازىر جاۋاب. ئۇلار لەتىپە ـ چاقچاققا ئامراق بولۇپلا قالماي، لەتىپىگە ـ چاقچاققا ماھىر. بۇنى ئۇنداق شائىرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى، خۇش چاقچاق تەبىئىتى، خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق، ئۈمىدۋار، شوخ ـ ئەركىن مىجەز خۇلقىنىڭ ئالامىتى دېيىش مۇمكىن.

بىزدە نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، ئىشقىيار، ئۇستا رازى، مەخسۇم دارىن قاتارلىق كۆپلىگەن لەتىپە ـ چاقچاق ئۇستازلىرى ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن لەتىپە ـ چاقچاقلىرى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېغىزدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىگىسىز لەتىپە ـ چاقچاقلارمۇ ئاز ئەمەس. بۈگۈنكى گۈللەنگەن زامانىمىزدا ھېسام قۇربان لەتىپە ـ چاقچاقلىرى، ئاشۇ ئەنئەنىۋى لەتىپە ـ چاقچاقلارنىڭ داۋامى ۋە يېڭى تەرەققىياتى. ھېسام قۇربان ئاكا لەتىپە ـ چاقچاقلىرىمىزنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇرۇشقا ئىجادىي تۆھپە قوشۇپ، لەتىپە ـ چاقچاقتىن ئىبارەت ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تىپىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى. لېكىن شائىرلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان لەتىپە ـ چاقچاقلار، ئۇلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە شائىرلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىدا شائىرانە تەپەككۇر، شېئىرىي پۇراق، شائىرانە ھېسسىيات ئالامەتلىرى كۈچلۈك، شائىرلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرگە يېقىپ، ئەل ئىچىگە تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بىرمۇنچە لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بۇنىڭ ئوبدان مىسالى.



ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ يېقىن دوستى گۇڭ لىيۇ ئەپەندى تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ 1982 ـ يىلى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن

تاللانما» دېگەن كىتابقا يازغان «ئانىغا بېغىشلانغان ناخشا»
دېگەن كىرىش سۆزىدە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ
ئۇيغۇر شائىرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە ئالاھىدە
توختىلىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق پىكىر بايان قىلغان: ئۇيغۇرلار
يەنە نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھەقىقىي خەلقنىڭ ۋەك-
لىنى ياراتقان ئۇلۇغ مىللەت. نەسىردىن ئەپەندى جىنايەتكار
ۋە ئادالەتسىز ئەكسىيەتچى سىنىپنىڭ بېشىدا ئوينىغان يۇ-
مۇرلۇق قىلىقى، شۇنداقلا ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قاراڭغۇ
زۇلمەتنىڭ دەشت - باياۋانىدا بولدۇقلاپ قايناپ تۇرغان
شادلىق بولىقى. ھەر بىر ئۇيغۇر شائىرى ياكى يازغۇچىسى
مۇقەررەر ياكى «ئازدۇر - كۆپتۇر نەسىردىن ئەپەندى رو-
ھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ». نەسىردىن ئەپەندى روھىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچراش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تېيىپجان ئېلىيوفقا
باغلاپ، «ۋاللاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ساتىراسىنى
تىلغا ئالغان. ۋاللاقتەككۇرۇپ ئوبرازى ئۈستىدە ناھايىتى قى-
زىقىش بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ «تېيىپجاننىڭ بۇ شېئىرى
ئەستىن چىقارغىلى بولمايدىغان بەدىئىي تىپ ۋاللاقتەككۇرۇپ-
نى ياراتقان. مېنىڭچە بۇ شەخس (ۋاللاقتەككۇرۇپ) ئېلىمىز-
نىڭ كۆپ مىللەتلىك سۈرەت سارىيىدىن ئورۇن ئېلىشقا تاما-
مەن ھەقلىق». بۇ مۇلاھىزە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى-
نىڭ شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسى-
رى نۇقتا قىلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. بۇ، كۆز يۇمۇشقا
بولمايدىغان بىر تەرەپ، ئەلۋەتتە. لېكىن يەنە بىر مۇھىم
تەرەپ شۇكى، تېيىپجان ئېلىيوف مىجەز - خاراكتېر جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، خۇش چاقچاق، ئىنكاسى تېز، لەتىپە - چاق-
چاققا ماھىر، يۇمۇرلۇق ھېسسىياتقا باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ
لەتىپە - چاقچاقلىرى بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان.
ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى باشقا شائىر - يازغۇچىلاردىن ئالا-
ھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوفتىن قالسا، مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجە-
مۇ لەتىپە - يۇمۇرغا ئۇستا، يۇمۇرلۇق تەپەككۇر قىلىشقا
ماھىر، ئىنكاسى تېز كىشى ئىدى. بۇ ئىككىيلەن بار جاي-
لاردا كۈلكە - چاقچاقلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنى شادلىق
ئەلچىلىرى دېيىشكە بولاتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، شائىرلار-
نىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرىدا شائىرانە تەپەككۇر، شېئىرىي
پۇراق، شائىرانە ھېسسىيات ئالامەتلىرى كۈچلۈك شائىر-
لارنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن
كىشىلەرگە يېقىپ، ئەل ئىچىگە تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بىر مۇنچە لەتىپە - چاقچاقلىرى
بۇنىڭ ئوبدان مىسالى.

بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزدىن ئېيتقاندا، خەلقىمىز ئە-
زەلدىن خۇش چاقچاق، لەتىپىگە ئامراق، ياشلاردىن ياشان-
غانلارغىچە بىرەر قىزىق لەتىپە - چاقچاق ئېيتىپ كۈلۈشۈۋې-
لىش ئۇلار ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ ئەڭ شېرىن لەززىتى ھېساب-
لىنىدۇ. شۇڭا لەتىپە - چاقچاق، تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا
بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئەجدادلار
ئارىسىدىن چىققان لەتىپە - چاقچاقچىلار ئاز ئەمەس. نەسىر-
دىن ئەپەندى قانداق شەخس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ
ئەجدادلىرىمىزنىڭ خۇش چاقچاق، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان غايىۋى ئوبراز. نەسىردىن ئەپەندىنى
لەتىپە - چاقچاقنىڭ پىرىگە ئايلاندۇرغان ـــ ئاۋام خەلق.
نەسىردىن ئەپەندىم لەتىپىلىرى ئەل ئىچىدە ئىجاد قىلىنغان
نۇرغۇنلىغان لەتىپە - چاقچاقلارنىڭ جۇغلانمىسىنىڭ جەۋھە-
رى. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەل بىلەن ھەمنەپەس،
تەقدىرداش بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى.

سۇنىڭ بېشى، دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغاندەك، لەتىپە -
چاقچاقچىلىقنىڭ ئۇزاق تارىخىي يىلتىزى بار. دېمەك، ئۇ
ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. ئەل ئىچىدە ئەۋلادمۇ
ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى لەتىپە - چاقچاقلار-
دىن باشقا تارىخىي كىتابلاردىمۇ بىر مۇنچە لەتىپە - چاقچاق-
لار خاتىرىلەنگەن. بۇلار لەتىپە - چاقچاقچىلىقنىڭ قەدىمىيلە-
كىنى دەلىللەيدۇ. ئەنە شۇ لەتىپە - چاقچاقلارنىڭ ئىچىدە قە-
دىمكى زاماننىڭ شائىرلىرىنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرىمۇ بار.
بۇلارنى ئەل ئىچىدىكى لەتىپە - چاقچاق خەزىنىسىنىڭ بىباھا
تەۋەررۇكلىرى دېيىش مۇمكىن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆ-
رەگاننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» جامائەتچى-
لىككە تونۇشلۇق كاتتا تارىخىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئەينى زامان-
دىكى كاتتا شائىرلارنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرىدىنمۇ خاتىرە
قالدۇرۇلۇپ، لەتىپە - چاقچاقلارنىڭ ئايرىم نەمۇنىلىرى ئالا-
ھىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدىكى بايانلارغا قا-
رىغاندا، شۇ زاماننىڭ كاتتا مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر شائىرلى-
رىدىن ئابدۇراھمان جامى (1414 - 1492)، ئەلىشىر ناۋايىلار-
نىڭمۇ ئۇستا لەتىپە - چاقچاقچى ئىكەنلىكى مەلۇم. «تارىخىي
رەشىدى»دە ئابدۇراھمان جامىنىڭ لەتىپە - چاقچاققا ماھىرلى-
قى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەزرىتى مەۋلانە جامى
بەك كەم سۆز ئىدى. ئەگەر بەزى - بەزىدە سۆزلەپ قالسا،

سۆزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لەتىپە ـ چاقچاق ئىدى» («تارىخىي رەشىدى» 1 ـ توم 411 ـ بەت).

«تارىخىي رەشىدى» ۋە باشقا كىتابلاردا ئابدۇراھمان جامىنىڭ بىر مۇنچە لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بايان قىلىنغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇراھمان جامى خۇراساندىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي سەمەرقەندكە كېلىپ، بىر كۈنى هاماماغا كىرىپتۇ. ئابدۇراھمان جامىنىڭ بەدەنلىرى بەك تۈكلۈك ئىكەن. سەمەرقەندلىك بىر كىشى ئۇنى كۆرۈپ:

ــ هاي خۇراسانلىق، هاماماغا جۇۋا كىيىپ كىرگىنىڭ نېمىسى؟ ــ دەپ زاڭلىق قىپتۇ. ئابدۇراھمان جامى دەرھال ئۇنىڭغا:

ــ سەمەرقەندلىكلەر بەكمۇ تولۇق ئىكەن. شۇڭا هامامدىمۇ جۇۋىسىز يۈرگىلى بولمىدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئىشان جامىنى ماتورىدكە ئېلىپ كېلىپ باراڭدىكى ئۈزۈملەرنى كۆرسىتىپ:

ــ سەمەرقەند ئۈزۈمنىڭ ھەممە يەردە داڭقى بار، ــ دەپ ماختىنىپتۇ ۋە باغۋەن ھاجى قاسىمنى، ــ مەۋلانى جامىغا ئۈزۈم ئېلىپ كەلگىن. ئۈزۈمنىڭ «ساھىبى»، «فەخرى»، «ھۈسەينى» قاتارلىق ھەممە تۈرلىرىدىن بولسۇن، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ. ھاجى قاسىم ئۈزۈمنى ئېلىپ كېلىپ:

ــ «ساھىبى»، «فەخرى»، «ھۈسەينى» ئۈزۈملىرى بەك بەلەن ئىدى، ــ دەپتۇ.

ھەزرىتى ئىشان:

ــ «فەخرى» ئۈزۈمنى خۇراساندا يېگەن ئىدۇق. ناھايىتى ئوبدان ئىدى. شۇڭا «فەخرى» ئۈزۈمنىڭ تېلىنى ئالايىتەن خۇراساندىن ئېلىپ كېلىپ سەمەرقەندكە تىكىپ، كۆپ پەرۋىش قىلدۇق. ئەمما خۇراساندىكىدەك ئوبدان بولمىدى. كۆرۈپ بېقىڭ، بولغىنى مۇشۇ، ــ دەپتۇ.

جامى باغۋەن ھاجى قاسىمغا قاراپ:

ــ سەمەرقەندنىڭ تۇپرىقى مۇساپىرلارنى ياقتۇرمايدىكەن ـ دە، ــ دەپتۇ.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان جامىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ھەققىدە توختىلىپ «ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ لەتىپىلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئالەم ئەھلىنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ ھەممىگە تونۇلغان ۋە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن («تارىخىي رەشىدى» 1 ـ توم 412 ـ بەت).

ئۆزىنى «شائىر» دەپ ئاتىۋالغان بىر ئابرۇيپەرەس جامىغا شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ:

ــ نامىمنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ شېئىرىمنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قوياي دەيمەن، ھەزرەتلىرى نېمە دەيدىلىكىن، ــ دەپ سورىغان ئىكەن، جامى:

ــ بەك ياخشى بوپتۇ، بۇ شېئىرنىڭ يېنىغا ئۆزۈڭنىمۇ ئېسىپ قويغىن. بولمىسا، كىشىلەر بۇ شېئىرنىڭ سېنىڭ شېئىرىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالمىسۇن، ــ دەپتۇ.

بىر چاغدا شائىر جامىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

ــ مەككىگە بارغان ئىدىم. تەۋەررۈك بولسۇن دەپ شېئىرلىرىم دىۋانىنى ھەجرۇلئەسۋەد (مۇقەددەس قارا ئاتەش) كە سۈركەپ ـ سۈركۈۋالدىم، ــ دېگەنىكەن.

ــ ھەي ئىست، ناھايىتى يامان قىپسەن. ئەسلىدە زەمزەم سۈيىگە چىلاپ يۇيۇپ كەلگەن بولساڭ ياخشىراق بولار ئىكەن، ــ دەپتۇ جامى.

بىر بېخىل جامىغا چاقچاق قىلىپ:

ــ ئۈچ تەڭگە پۇلۇم بار، قانداق قىلىپ شۇ پۇلغا بىر نېمە ئېلىپ تويغىچە يېسەم، قالغىنىنى ئۈچ تەڭگىگە سېتىپ پۇلۇمنى تىرىلدۈرەلەيمەن، دېگەنىكەن، جامى ئۇنىڭغا:

ــ قۇشخانىغا بارساڭ ئۈچ تەڭگىگە بىر قېرىن بېرىدۇ. ئىچىدىكىنى يەپ، قالغىنىنى يەنە ئۈچ تەڭگىگە ساتساڭ دېگىنىڭدەك بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلۇغبەك زامانىدا جامى سەمەرقەندكە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغانىكەن. شۇ كۈنلەردە كابۇلدىن سەمەرقەندكە «خاكى تۇپراق» تەخەللۇسلۇق خۇش چاقچاق بىر يىگىتمۇ كەپتۇ.

بىر كۈنى خاكى بىر نەچچە ئىلمى بىلەن چايخانىدا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرسا، جامى دوستلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا خاكى جامىغا چاقچاق قىلىپ:

ــ يول بولسۇن خۇراساننىڭ ئېشەكلىرى، ــ دېگەن ئىكەن، جامى دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ:

ــ ئېغىناشقا يۇمشاقراق خاك ـ تۇپراق ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ.

ئەلشىر ناۋايىمۇ خۇش چاقچاق، لەتىپە ـ چاقچاققا ئامراق زات ئىكەن. ئۇ ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغان بەنائى دېگەن شائىر بىلەن تولا چاقچاقلىشىدىكەن.

مەۋلانە بەنائى ئەمىر ئەلشىرگە تولا چاقچاق قىلاتتى. ئەمىر ئەلشىرمۇ چاقچاق قىلىپ:

— مەۋلانە بەنائى سارالڭ بولۇپ قاپتۇ. شىپاخانىغا ئېلىپ بېرىپ تاپىنىغا نۇقۇت قايناتمىسى قۇيۇپ داۋالاڭلار، — دەپتۇ. مەۋلانە بەنائى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇ گېپىدىن قورقۇپ ئىراققا كېتىپتۇ. ئۇ يەردە سۇلتان ياقۇپنىڭ كۆڭۈلشىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. ئۇ ھىراتقا قايتىپ كەلگەندە ئەمىر ئەلىشىر ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن ئىنئام ئاتا قىپتۇ. ئەمىر ئەلىشىر ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن بەنائىدىن سوراپتۇ:

— ئىراق قانداقراق يەر ئىكەن. خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، مىجەز - خۇلقى قانداق ئىكەن؟

— ياخشى يەر ئىكەن، — دەپتۇ بەنائى جاۋاب بېرىپ، — خەلقىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى، ئادەت ۋە مىجەزلىرىمۇ ماختاشقا لايىق ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئوبدان بىر خىسلىتى بار ئىكەن.

ئەلىشىر ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سوراپتۇ:

— قانداق خىسلىتى بار ئىكەن؟

— ئىراق خەلقى تۈركىي شېئىرنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان، تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىغانلار پەقەت يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى مەن تولىمۇ ياقتۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەلىشىر نەۋائى:

— سەن تېخىچە ھوشىڭنى تاپمايسەن. ئەمدى بۇنداق دەخلى - تەرۇزۇڭنى قويۇپ، راستچىللىق بىلەن توغرىسىنى ئېيت. ئىراق خەلقى دىۋانىدىكى شېئىرىمنىڭ قايسىسىغا ئاپىرىن ئېيتىدىكەن. قايسى نەزمەمنى ياقتۇرىدىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— شېئىرىڭىزدىن مەتلىئىڭىزنى ياقتۇرىدىكەن، — دەپ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا مەتلەنى ئوقۇپتۇ:

كۆكرەكىمدۇر سۈبھىنىڭ پىراھەنىدىن چاكرەك،
كىرپىكىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبرەدىن نەمناكرەك.

ئەمما بۇ مەتلە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەمەس، ساھىبى دېگەن شائىرنىڭ ئىكەن.

ئەلىشىر نەۋائى ساھىبدىن ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بۇ مەتلىنى داۋاملاشتۇرۇپ غەزەل قىلىپ، ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزگەنىكەن.

ئەلىشىر نەۋائى بەنائىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— سەن نېمە دېگەن بىغەرەز ئادەم. بۇ مەتلە مېنىڭ ئەمەس، مەۋلانە ساھىبنىڭ ئەمەسمۇ؟ سەن قەستەن مەن بىلەن ئېتىشىۋاتىسەن، — دەپتۇ چىچىلىپ.

— مېنىڭ سىزگە چېقىلىشقا نېمە ھەددىم. بۇ مەتلەنىڭ سىزنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئىراق خەلقى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئەتىۋارلايدىغان بۇنىڭدىن باشقا مەتلەڭىزمۇ بارغۇ، — دەپتۇ بەنائى.

— ئۇ قايسى مەتلە، — دەپ سوراپتۇ ئەلىشىر نەۋائى. بەنائى جاۋابەن مۇنۇ مەتلەنى ئوقۇپتۇ:

باشىمىزدىن سايەئى سەرۋى قەددىڭ كەم بولمىسۇن،
زاتى پاكىڭ بولماسا ئالەمدە ئادەم بولماسۇن.

لېكىن بۇ مەتلەمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەمەس ئىكەن. ئۇ لۇتفىنىڭ مەتلىسى بولۇپ، نەۋائى ئۇنى غەزەل قىلىپ، دىۋانىغا كىرگۈزگەن ئىكەن. شۇڭا ئەلىشىر نەۋائى بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز غەزەپلىنىپتۇ:


— بۇ مەتلە مەۋلانە لۇتفىنىڭ ئەمەسمۇ؟ سەن بىلىپ تۇرۇپ قەستەن مەن بىلەن ئېتىشىۋاتىسەن. سەن بۇ قىلىقىڭنى زادىلا تاشلىمايسەن، — دەپ كايىپ ئولتۇرۇشنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ.

بەھلۇل ئىسىملىك بىر شائىر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئاياللارنىڭ بەزى يامان قىلىقلىرىنى سۆكۈپ بىر ھەجۋى شېئىر يېزىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە قازىلارنىڭ ئاياللىرى بۇنى ئوقۇپ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن بەھلۇلنى جازالاپ راسا ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار بۇ نىيىتىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، بەھلۇلنى دەرھال ئوردىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپ، بەھلۇلنى دەرھال ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بەھلۇلنى پالىڭچىلاپ، قولىغا بىر تاياق ئېلىپ دەۋاگەر ئاياللارغا دەپتۇ:

— بەھلۇلنى مۇشۇ تاياق بىلەن تازا ساۋاپ دەردىڭلارنى چىقىرىۋېلىڭلار، لېكىن بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئاراڭلاردا كىم يامان، بىشەم، ئازازۇل بولسا شۇ ئەڭ ئاۋال ساۋاپ، دەردىنى ئېلىشنى باشلاپ بەرسۇن!

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، دەۋاگەر ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىدىن زۇۋان چىقماپتۇ. پادىشاھ بەھلۇلغا ئەمر قىلىپ:

— تۇر ئورنۇڭدىن، ئەمدى كىيىمىڭنى كىيىپ ئۆيۈڭگە كەتسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.



# «يامان بولسۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار

ئەركىن سابىر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئاتا ـ ئانىغا گەپ ياندۇرسا**

رىزاق بوۋاينىڭ يەنە بىر گېپى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ــ «دادىنىڭ قارغىشى تىلدا ئەمەس، دىلدا» دېگەننى بىلەمسەن بالام، ــ دېگەنىدى شۇ چاغدا رىزاق بوۋاي.

مەن بۇ گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا، جاۋاب بېرەلمەي جىممىدە بولۇپ قالدىم.

ــ ئاۋۇ غېنى ئەيسانى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ــ دېدى رىزاق بوۋاي يەنە، ــ ئۇ ۋەيرانە بولۇپ كەتتى، خوتۇنىدىن، بالا ـ ۋاقىسىدىن ئايرىلدى، بارار ماكانى، تۇرار جايى يوق. ئاڭلىسام شەھەردىكى ئاشپۇزۇللارنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ بېرىپ قورسىقىنى توقلاپ يۈرگەنمىش. لېكىن ئۇ يەردە خەقتىن ئاشقان ـ تاشقاننى يەيدۇ، بۇلتۇر قىشتا تالادا قېلىپ ئۆلگىلى تاس قالغاندا كىشىلەر ئۇنى كونا بازاردىكى دەڭگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بەدىنىنى قوتۇر بېسىپ، يۇراپ كەتكىنىنى دېيىشىپ يۈرۈيدۇ. يېنىغا يېقىن بارغىلى بولماسمىش. ئۇ ئاشۇنداق ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسا ئۇنى كىممۇ يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىككە قويار؟ ھەي، بۇرۇنلاردا ئۇ خۇددى بايۋەچچىدەك يۈرەتتى. ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى، دادىسىنىڭ تەربىيىلىرى، تەنبىھلىرى، ئىنساپ تىلەشلىرى ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى. بىر يازدا ئۇنىڭ دادىسى ئەيساكام تاۋۇز تېرىغانىدى، رەھمەتلىك ئالتە ئاي ياز تاۋۇزلۇقتا دۇمبىسىدىن شور ئۆرلىگىدەك ئىشلىدى. غېنى بولسا لاغايلاپ يازنى ئۆتكۈزدى، ئۇ دادىسىغا بىرەر چۈنەك چېپىشىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۈزدە، يەنى تاۋۇز پىشقىدا ئۆزىگە ئوخشاش بىر مۇنچە بىكار تەلەتنى تاۋۇزلۇققا مېھمان قىلغىلى باشلاپ بېرىپتۇ، ئەيساكام رەھمەتلىك ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا خاپا بولغان ئوخشايدۇ، غېنى دادىسىغا گەپ ياندۇرۇپ ئۇنىڭ دىلىنى تېخىمۇ رەنجىتىپتۇ. مەن شۇ چاغدا ئەيساكامنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئەيساكامغۇ قارغىمىغان بولغىيتتى، شۇنداقتىمۇ غېنى شۇ چاغدا دادىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتكىنىنىڭ دەردىنى ئەمدى تارتىۋاتىدۇ. «دادىنىڭ قارغىشى تىلدا ئەمەس،

دىلىدا» دېگەنلىك دادىغا قوپاللىق قىلسا، قاقشاتسا ياكى گەپ ياندۇرسا ئادەم بىر ئۆمۈر ئىلگىرى باسماي ئۆتىدۇ دېگەنلىكتۇر.

رىزاق بوۋاينىڭ گەپلىرى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاتا - ئانىغا گەپ ياندۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. رىزاق بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىر نادان دادىسىغا بىر قېتىم گەپ ياندۇرغىنى ئۈچۈن ئون كۈن ئۇدا ئۆزىنى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ چۈشەپتىكەن، كېيىن ئاغزىنىڭ ئىچى - تېشىغا ئۇچۇق چىقىپ، ئۇزاققىچە تاماق يېيەلمەي ئۆلگىلى تاس قاپتۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا ئەلىدىن دېگەن بىر ساۋاقدىشىمىز بولىدىغان، كېيىن ئۇ ياخشى ئوقۇماي مەكتەپتىن چىقىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا ئىدى، ئۇ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغانلاردىن بولۇپ، باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دادىسىدىنمۇ ئەيمەنمەيتتى. بىز ھەممىمىز ئۇنى «ئەلەك» دەپ چاقىراتتۇق. شۇ ئەلەك بىر كۈنى دادىسىنىڭ تۇمىقىنى توپ قىلىپ تېپىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، دادىسى ئۇنىڭغا ۋارقىرىغان ئىدى، ئۇ دادىسىنى سەت تىللار بىلەن تىللاپ قېچىپ كەتتى. «تۇۋا، ھەرقانچە بولسىمۇ دادىنى تىللىغان بارمۇ!» دېيىشتۇق ھەممىمىز. يىللار ئۆتتى، ھەممىمىز چوڭ بولۇپ بالا - ۋاقىلىقمۇ بولدۇق، چاچلىرىمۇ ئاق ئارىلىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتقا بېرىپ ھېلىقى ئەلەكنى تونۇيالماي قالدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئورىدەك بولۇپ قاپتۇ، ئۆزى ئورۇقلاپ تېرىسى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋىجىكلىشىپ كەتكەن گەۋدىسىنى يۆتكىگىدەك ماجالى بولمىغاچقا، ئورۇق قوللىرىنى ماڭا ئارانلا سۇندى. يە ساقايمايدىغان، يا جان چىقمايدىغان بۇنداق كېسەلنىڭ ئېنىق دىئاگنوزى يوقمىش، لېكىن پەن - تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى يوق. بىلىشىمچە باللىرى ئۇنى تاشلىۋەتكەچكە، دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئادەم چىقمىغان بولسا كېرەك. ئىچىدىن ھەر قېتىم قان كەلگەندە خۇددى جېنى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىينىلىدىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى ئەلەك كېيىن ئۆزى. ئادەم دېگەن مانا شۇنچىلىكلا نەرسە، ئاتا - ئانىغا گەپ ياندۇرۇش ئادەم بالىسىنىڭ ئىشى ئەمەس دېسەك بەك ئېغىر كەتكەن بولماس، مۇشۇ كۈنلەردە ھۇرۇنلۇق قىلىپ تەييارتاپ بولۇۋالغانلار، كەيپ - ساپاغا، ئويۇن تاماشىغا بېرىلىپ، كېچە - كېچىلەپ ئۆيىگە كەلمەي ئاتا - ئانىسىنى زار قاقشىتىۋاتقانلار، زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىپ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بىر كۆزىنى ياش، بىر كۆزىنى قان قىلىۋاتقانلار يوق ئەمەس. ھەدېسىلا ئاتا - ئانىسىغا دېۋەيلەپ گەپ ياندۇرۇۋاتقانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرگە قېلىۋاتقانلىقىنى ھازىرمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

## قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئۇخلىسا

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يوتقان - كۆرپىمىزنى تېڭىپ ئۆستەڭ قورۇلۇشىغا ئاتلاندۇق، ئىككى ئات قوشۇلغان كۆتەك ھارۋا بىر كۈن كەچكىچە يۈرۈپ بىزنى كۈن پاتارغا يېقىن بىر مەھەللىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. بۇ قىرو چۈشكەن مەزگىللەر بولۇپ، ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى، ئەمما بىزگە ئىسسىق ئۆي نەدە، ھەممىمىز بىر ئاتخانىنىڭ ئۇزۇن لەمپىسى ئاستىنى پاكىز تازىلاپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. كەچكىچە يول يۈرۈپ ۋە ھاردۇق ئالمايلا تازىلىق قىلىپ چارچىغان ئىكەنمەن، لەمپىنىڭ تورۇسىغا قارىغىنىمچە ئۆزۈمنى ئورۇنغا تاشلىدىم.

— ئۇنداق ياتما، يامان بولىدۇ، — دېدى يان تەرىپىمدە ئورۇن سېلىۋاتقان تۇراقىم، مەن قوللىرىمنى مەيدەمگە قويۇۋالغانىدىم.

— قانداق يامان بولىدۇ؟ — سورىدىم مەن شۇئان.

— ئىچىڭگە جىن كىرىۋالىدۇ، جىن كىرىۋالسا ساراڭ بولىسەن، ساقىيالماي ئۆلىسەن!

— ئۇنداق قورقاتمىغىن، — دېدىم مەن شۇئانلا يانغا ئۆرۈلۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن قانداقلا يەردە بولاي قولۇمنى مەيدەمگە قويۇپ ئۇخلىمايدىغان بولدۇم. كېيىن بىر ماتېرىيالدىن مەيدىگە قولنى قويۇپ ياتسا كۆكرەك قەپىزىگە بېسىم چۈشىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ تەسىرىدە يۈرەكنىڭ قىسىلىدىغانلىقىنى ئوقۇپ، تۇراقىمنىڭ گېپىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. ئۇخلاۋاتقاندا يۈرەك قىسىلسا ئادەمنى قارا باسىدىغانلىقى، ئادەم جۆيلۈپ ياتالمايدىغانلىقى ۋە ھەتتا ئۆڭدەرەپ

ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغانلىقى تېببىي ئىلمدە قەيت قىلىندى. كونىلارنىڭ جىن تېگىپتۇ ياكى جىنلار كېچىدە ئالداپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، دېگەنلىرى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. «قولۇڭنى مەيدەڭگە قويۇپ ياتساڭ يامان بولىدۇ» نىڭ مەنىسى ھاياتقا مەلۇم دەرىجىدە خەۋپ يېتىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىكەن.

## قولنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭسا

— پاھ، مېڭىشىڭ قالتىسقۇ! — دېدى بىر كۈنى رىزاق بوۋاي قوشنىمىزنىڭ ئوغلى زاكىرنى يېنىغا چاقىرىپ، — بىرەر كارامەت ئىش قىلۇەتكەن ئوخشىمامسەن؟

— يا... ياق، — دېدى زاكىر دۇدۇقلاپ.

— قوللىرىڭنى ئارقاڭغا تۇتۇپ مېڭىپ كېتىپسەن دەيمىنا! قولنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭسا يامان بولىدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمىتىڭ يا؟

— ئاڭلىماپتىمەن، — دېدى زاكىر ئەجەبلەنگەندەك رىزاق بوۋايغا تىكىلىپ.

— قولنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭسا كۆرەڭلىگەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ چوڭلار ئالدىدا ئۇنداق يۈرمەسلىك كېرەك. كۆرەڭلەش ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئۆزىگە تەمەننا قويغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۆزىگە تەمەننا قويغان ئادەم موللاق ئاتماي قالمايدۇ دېگەن گەپمۇ بار. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەتتىن تاشلىغىن! — دەپ بىر مۇنچە تەربىيە قىلدى رىزاق بوۋاي. بۇ ياز كۈنلىرى بولۇپ، كۈن پېتىش تەرەپكە چېكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن چاغ ئىدى. بۇ چاغدا بىز بىر نەچچەيلەن سەل نېرىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، زاكىرنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغىنىنى كۆرۈپ «ھەممىگە چېپىلىدىغان قېرى ـ دە، بۇ!» دەپ پىچىرلاشتۇق. چۈنكى قولنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىش كۆرەڭلىگەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق سانالسىمۇ، ئەمما «يامان بولىدۇ» بىلەن قانداق باغلىنىشى بولاتتى، دېگەن ئويدا بولغانىدۇق.

— رىزاق بوۋاي توغرا ئېيتىپتۇ، — دېدى دادام ئەتىسى ماڭا، — بۇرۇن مەھەللىمىزدە رىزاق بوۋاي دېمەتلىك ھېلىمشاھ دەيدىغان بەستلىك بىر ئادەم بولىدىغان. ئۇ ئادەم كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويسىلا خۇددى تاغنى تالقان قىلىپ شەھەر ئالغاندەك كۆرەڭلەپ قولنى كەينىگە قىلىپ مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن ـ بۇ بېشىغا مېڭىپ چىقاتتى. بىر كۈنى كەچتە ئاشۇنداق كېتىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلاشتىمۇ، پۇتى كالۋالاشتىمۇ ۋە ياكى بېشى قايدىمۇ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ شۇ يەردىلا تىن تارتماي جان ئۈزدى. شۇ چاغدا چوڭلار بۇنداق ئىشلارنىڭ بۇرۇنلاردىمۇ بولغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. شۇڭا قولنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىشنىڭ كۆرەڭلىك ياكى ھاكاۋۇرلۇق سانالغاندىن باشقا ئاشۇنداق يامان بولىدىغان يېرىمۇ بار، بۇنى بىلىپ قويغىنىڭ ياخشى.

كېيىن كىتابلاردىن بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تاپتىم. ئەسلىدە ئادەم يول ماڭغاندا قول ھەرىكىتى بەدەن ھەرىكىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىكەن. ئادەم بەدىنىدە ھەر سائەت، ھەر دەقىقىدە مەلۇم فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بەزىدە بۇنداق ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز ھەم تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. شۇنداق چاغدا ئادەم قول ھەرىكىتى ئارقىلىق بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، بېشى تۇيۇقسىز قايسا ياكى پۇتى كالۋالاشسا ئادەم تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ يىقىلىدۇ، بۇ چاغدا قولنى بوشىتىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا ئۈلگۈرەلمەك تەس بولىدۇ. شۇڭا چوڭلار «قولنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭسا يامان بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئاشۇنداق تۇيۇقسىز ۋەقەلەردىن ساقلىنىشنى كۆزدە تۇتقان.

## قولنى يۇيۇپ سىلكىسە

ياخشى تاماق كىمنىڭ نەپسىنى تاقىلداتمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن مومامنىڭ تەنبىھىگە قالغانمەن. ئۇ كۈنى ئۆيدە قازانغا گۆش سېلىنغانىدى، ئېتىزدا ئىشلەپ ھېرىپ كەلگەچكە ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر لېگەن گۆش جوزىغا قويۇلۇۋىدى، ئۆزۈمنى تۇتالماي شۇئانلا قولۇمنى سوزدۇم.

— ھەرقانچە ئېچىرقاپ كەتكەن بولساڭمۇ قولۇڭنى يۇي، — دېدى ئاپام.

مەن قولۇمنى يۇيۇپ بولۇپ لۆڭگىنىڭ قەيەرگە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى تاپالمىدىم. ئەمەلىيەتتە نەپسىم تاقىلداپ قولۇمنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدىم، شۇڭا ھۆل قوللىرىمنى سىلكىۋېتىپ شىرەگە يېقىنلاشتىم.

— ھەي ئەدەپسىز، — دەپ ۋارقىرىدى سۇپىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغان مومام، — نەدىكى بەتقىلىقلىق ئۇ، قولنى يۇيۇپ سىلكىسە يامان بولىدۇ دەپ ساڭا تالاي ـ تالاي ئېيتقىنىم قېنى!؟

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن موما...

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېسەڭلا بولامدا، مالى بېرىپ قولۇڭنى سۈرتۈپ كەل!

مومامنىڭ تەنبىھىدىن كېيىن غىققىدىلا بولۇپ قالدىم، ئەسلىدە شۇنداق بولماسلىق ئۈچۈن قولۇمنى پاكىز سۈرتۈپ كېلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى موماي دائىم «قولنى يۇيۇپ بولۇپ سىلكىسە يۈندىسى خەققە چاچرايدۇ، ئەتراپتىكىلەر تاماق يەۋاتقان بولسا تامىقىنى بۇلغايدۇ»، دەيتتى. بىراۋنىڭ تامىقىنى بىگۇنىز قىلغانلىقتىن يامان ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت، قولنىڭ يۈندىسىنى چاچراتقان كىشى ئۆچ ـ ئاداۋەتكە قالىدۇ، «بەتقىلىقى بار» دېگەن نام بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇڭا قولنى پاكىز يۇيۇپ سۈرتۈشنى بالىلارغا كىچىكىدىلا ئادەت قىلدۇرۇش كېرەككەن.

## قىزغانچۇقلۇق قىلسا

— سەن چوڭ بولسالا قانداق ئادەم بولارسەن، — دەيتتى موما كىچىكىمدە. چۈنكى ياخشى نەرسىنى كۆرسەم ئاكام، ھەدەم ھەتتا ئىنى ـ سىڭىللىرىمدىن قىزغىناتتىم. مومامنىڭ دېيىشىچە، قىزغانچۇقلۇق قىلسا يامان بولارمىش. مەن بۇنىڭ نېمە يامىنى بولاتتى؟ دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپام ماڭا شۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

مەھەللىمىزدە قاسىماخۇن دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى رەۋىخان سەل قىزغانچۇق ئايال ئىكەن. ئۇ ئايال بىر كۈنى كەچتە لەگمەن ئېتىپتۇ، ئاشنى سۈزۈۋاتقاندا ھويلىدا بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۆيگە بىرسىنىڭ مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن رەۋىخان ئاشنى ئالدىراپ ـ تېنەپ سۈزۈپتۇ ـ دە تىقىپ قويۇپتۇ، ئاڭغىچە ئېرى قاسىماخۇن مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. بىردەملىك سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن رەۋىخان:

— ئېتىڭىز ھېرىپ قاپتۇ، تاماققا ئولگۇرەلمىدىڭىز، — دەپ قاپقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مېھمان بىرەدىن ئەمەسلىك ئامانەت گېپىنى يەتكۈزگىلى كەلگەنىكەن. گېپى دەپ بولۇپ قايتىپتۇ. قاسىماخۇن مېھماننى ئۇزىتىپ چىقىپتۇ، رەۋىخانمۇ ئارقىسىدىن چىقىپ مېھماننىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شۇ ئارىدا ئۆي ئىچىدىن بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئەمدىلا ئۆمىلىگەن بالىسى قازاندىكى مەنتاڭ (ئاش سۇيى)گە چۈشۈپ كەتكەنىكەن.

— ئەمدىلا ئۆمىلىگەن بالا قازانغا قانداق يامىشىپ چىققاندۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاپامدىن.

— ئۇ دېگەن كاڭلىق ئوچاق، كاڭلىق ئوچاق سۇپا بىلەن تەڭ بولىدۇ، — دېدى ئاپام، — موماڭنىڭ دېگەنلىرى توغرا، بار نەرسىنى خەقتىن ئايىماسلىق كېرەك، قىزغانچۇقلۇق ئاشۇنداق ئادەمنىڭ بېشىنى يەيدۇ، شۇڭا ھەرگىز قىزغانچۇق بولما.

— ئۇقتۇم، — دېدىم مەن. ئەمما «مېنىڭ قازانغا چۈشۈپ كېتىدىغان كىچىك بالام بولمىسا نېمىدىن قورقاتتىم» دەپ كونا خۇيۇمنى تاشلىمىدىم. بىر كۈنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە توي بولدى، سەھرالاردا بالىلارنى مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە ماڭدۇرۇپ تويغا ئېيتىش ئادىتى بار بولغاچقا، مەنمۇ تويغا ئېيتىشقا ماڭدىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توي ئىگىسى ماڭا قولىياغلىققا بىر سىقىم كەمپۈت چىگىپ بەردى. ئۆيگە ئېلىپ چىقسام ئاكام، ھەدەملەر تالاشتى، كىچىك سىڭلىممۇ «ئاكا، كەمپۈتىڭدىن بىر تال بەرگىنە» دەپ يېلىندى، ئەمما مەن ھېچقايسىسىغا بەرمەي، قازناق ئۆينىڭ بىر يېرىدىكى كاماغا تىقىپ قويدۇم. ئەتىسى ئېلىپ يەي دەپ قولۇمنى كاماغا تىقسام بىر نەرسە شۇنداق ئاچچىق چاقتىكى، ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كەتتىم. ئەسلىدە كاماغا كەمپۈتنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ھەرە كىرىۋالغانىكەن. ئۇ چاققان قولۇم كۆپتەك ئىششىپ كەتتى.

— قىزغانچۇقلۇقنىڭ جاجىسى! — دېدى ئاكام، ھەدەملەر. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ نېمە تاپسام ئۆزۈم يېمەسەممۇ خەققە بېرىدىغان بولدۇم. قىزغانچۇقلۇق قىلسا ھەقىقەتەن يامان بولىدىكەن!

داۋامى بار

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ پېنسىيونېرى)



# خەلقىمىزدىكى ئالاھىدە تەربىيە شەكلى ـ «يامان بولدۇ»

غالىب مۇھەممەد قارلۇق

خەلقىمىز ئەدەپ ـ ئەخلاققا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق.
بۇنىڭ دەلىللىرى خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى-
دىن، سالام ـ سەھەت ئادەتلىرىدىن، تەربىيە ئەندىزىلىرىدىن ئايان
بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تەربىيە ئەندىزىلىرى ئىچىدە ئادەت ۋە
ئەنئەنە خاراكتېرىگە ئىگە، جانلىق تىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاھىدە
تەربىيە مېتودى ـ «يامان بولدۇ»لاردا ئەقلىي ۋە تەپەككۇر خاراك-
تېرلىك ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ رەڭدار جۇلاسى كۆزگە ئالاھىدە
تاشلىنىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىز بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئەخلاق جە-
ھەتتىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەربىيىلەپ كەلگەن ۋە ئۇلارنى ساغلام
ئۆسۈپ يېتىلىش، توغرا دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراش، كىشىلىك
قارىشى تىكلەش جەھەتلەردىن يېتەكلىگەن. پاراسەتلىك ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تەجرى-
بە ـ ساۋاقلىرىنىڭ ئاگاھ سۈپىتىدىكى بىباھا يەكۈنى بولغان «يامان
بولدۇ»لار شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىككى، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئۆزگىچە تەربىيە شەكلى ۋە مەزمۇ-
نى، ئەۋلادلار ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى
روشەن ئەكس ئېتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي،
ئىخچام، مەنىلىك ۋە مەزمۇنى چوڭقۇر، ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك،
ئۈنۈمدار ۋە قاراتمىلىقى، ئۇنىۋېرسال ۋە ئەستە تۇتۇشقا ئاسان، چې-
تىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. شۇنداقلا
ئاڭلىماققا ئۇ بىزگە «كونا زاماننىڭ نەرسىسى»دەك، سەل خۇراپىي-
لىقتەك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك مول
ئىلمىي ئاساسلارنى، ئەمەلىي تەجرىبىدىن بىۋاستە ئۆتكەن يەكۈن-
لەرنى، ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.
گەرچە بۇ «يامان بولدۇ»لارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى
سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى سۈرۈشتە قىلىشقا ئەپسىز تەركىب-
لەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، قانداقتۇر
مۇشۇنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ «يامان بولدۇ»لارنى بىراقلا
ئىنكار قىلىش ئالدىراقسانلىق، ئىلمىي بولمىغان پوزىتسىيەدۇر. ھېچ-
كىممۇ «يامان بولدۇ»لارنىڭ ئەۋلاد تەربىيىسى داۋامىدىكى غايەت

زور مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە «ھېكمەت خەزىنىسى»-
لىك ئۇرنىنى يوقىتا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،
«يامان بولىدۇ»لار خەلق ئىچىدىكى ئۆزگىچە تەربىيە ئۇسۇلىدۇر.
خەلقىمىزدە «يامان بولىدۇ» ئارقىلىق يېتىۋاتقان تەربىيە ئۇ-
زۇندىلىرىنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپلا قالماي، مەزمۇنىمۇ مول. ئومۇ-
مەن ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى قوغداش (كۆكلەۋاتقان دەرەخ-
نىڭ شېخىنى يىرساڭ (سۇندۇرساڭ) يامان بولىدۇ، ئېرىق - ئۆستەڭ-
گە كۆل - ئەخلەت تۆكسەڭ يامان بولىدۇ، سۇغا مەينەت نەرسە
تۆكسەڭ يامان بولىدۇ...)؛ قۇشلارنى ئاسراش (قۇشنىڭ باللىرىنى
ئۇينىساڭ قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، قۇشلار تۇخۇمنى
چاقما، يۇزۇڭگە سەپكۈن چۈشىدۇ)؛ ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلىش
(قوينى تاياق بىلەن ئۇرما يامان بولىدۇ، ئات - ئۇلاغنىڭ بېشىغا
ئۇرما يامان بولىدۇ...)؛ ئاتا - ئانا ۋە چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆر-
مەتلەش (ئاتا - ئاناڭ بىلەن گەپ تالاشما يامان بولىدۇ، پۇتۇڭنى ئاتا
- ئاناڭنىڭ يۈزىگە قاراتما يامان بولىدۇ، ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ ئال-
دىغا ئۆتۈۋېلىپ ماڭما، يامان بولىدۇ، چوڭلار بىلەن سالاملاشقاندا
ئىككى قولۇڭنى ئۇزارت، بولمىسا يامان بولىدۇ، ئۇستازىڭغا
ئالايساڭ روناق تاپالمايسەن...)؛ پاكىزلىق (ئۆيۈڭدە يۇندا ساقلىما
يامان بولىدۇ، تورۇستىكى تورنى سۈپۈرۈپ تۇر، بولمىسا يامان بو-
لىدۇ، چىشلىرىڭنى تىرنىقىڭدا كولىما يامان بولىدۇ، تىرنىقىڭنى ئۇس-
تۇرۇۋەتمە يامان بولىدۇ، مەينەت يەردە مال ئۆلتۈرسەڭ يامان بولى-
دۇ، قولۇڭنى يۇماي خېمىر يۇغۇرساڭ، بالاڭ چاپاق بولۇپ قال-
دۇ...)؛ ئوزۇقلىنىش ئەخلاقى (ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېسەڭ يامان بو-
لىدۇ، تاماقتىن قېيدىساڭ يامان بولىدۇ، يېتىپ تاماق يېسەڭ يامان
بولىدۇ، داستىخاندىن ئاتلاپ ئۆتسەڭ يامان بولىدۇ...)؛ مېھماندار-
چىلىق ئەخلاقى (مېھماننى ئىشىكتىن قوغلاشقا بۇيرۇما يامان بولىدۇ...)؛ ئا-
مۇۋى تازىلىققا رىئايە قىلىش (كۆپچىلىك ئالدىدا بۇرنۇڭنى تاشلى-
ما يامان بولىدۇ، ئادەملەر قېشىدا ئوسۇرما يامان بولىدۇ، ئىشىك ئال-
دىغا يۇندى تۆكمە يامان بولىدۇ، ئەخلەتخانىغا تەرەت قىلساڭ يامان
بولىدۇ...)؛ ئاشلىقنى قەدىرلەش (تاماقنى ئىسراپ قىلساڭ يامان بولى-
دۇ، ناننى كۆيدۈرسەڭ يامان بولىدۇ، ناننىڭ ئۇۋىقىغا دەسسىمە
يامان بولىدۇ...)؛ قىز - ئاياللار ئەخلاقى (قىز - ئاياللار ئەركەكلەر
ئالدىدا تارانسا يامان بولىدۇ، قىز بالا ئۆينى سۈپۈرۈپ ئەخلەتنى
ئالمىسا، كەلگەن ئەلچى يېنىپ كېتىدۇ، كەچلىكى ئۆي سۈپۈرسەڭ
يامان بولىدۇ، قاچا - قۇچىنى ئوڭدا قويساڭ يامان بولىدۇ...)؛ كىشى-
لىك ئەخلاق (ھازىدارلار ئالدىدا كۈلمە يامان بولىدۇ، يالغان سۆزلى-
مە يامان بولىدۇ، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىما يامان بولىدۇ، سۇخەن-
چىلىك قىلما يامان بولىدۇ، كىشىلەرگە قاراپ چۈشكۈرمە يامان بولى-
دۇ، سورۇندا پۇتۇڭنى ئۇزىتىپ ئولتۇرما يامان بولىدۇ، ئادەمگە
قاراپ كىرىلمە يامان بولىدۇ، يوشۇرۇن گەپ تىڭشىما يامان بولىدۇ،
ئادەمگە قاراپ بۇرنۇڭنى كوچىلىما يامان بولىدۇ...)؛ باللارغا كۆيۈ-
نۈش (بالاڭنى قارغىساڭ يامان بولىدۇ، بالىنىڭ بېشىغا ئۇرساڭ
دېۋەڭ بولۇپ قالىدۇ...)؛ بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش (ئوت ئوينى-
ما يامان بولىدۇ، دۈم يېتىپ سۇ ئىچمە يامان بولىدۇ، سازلىقتىكى
زەي سۇنى ئىچمە يامان بولىدۇ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرما،
شامالدا ۋارقىرىما يامان بولىدۇ...) ھەمدە سەھەر تۇرۇش (كۈن چىق-
قىچە ئۇخلىما يامان بولىدۇ...)؛ شەخسىي تازىلىق (قول - يۈزۈڭنى
ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇي، بولمىسا يامان بولىدۇ، قولۇڭنى يۇيۇپ
سىلكىسەڭ يامان بولىدۇ...)؛ قالايمىقان بىر نەرسە كۆيدۈرمەسلىك
(پۇلنى كۆيدۈرسەڭ يامان بولىدۇ، تىرنىقىڭنى كۆيدۈرسەڭ يامان
بولىدۇ، چاچنى كۆيدۈرسەڭ بولىدۇ...) قاتارلىقلار جەھەتلەردىكى
ئادىمىيلىك، ئىلمىيلىك، پەلسەپىۋىلىك ۋە مەنپەئەتدارلىققا تويۇنغان
تۇرلۇك ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مىسالغا بىز «دۈم يېتىپ سۇ
ئىچسەڭ يامان بولىدۇ، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېسەڭ يامان بولىدۇ»
دېگەننىلا ئالساق، تېببىي ئىلمىدىمۇ بۇنداق ئوزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ
ئىنتايىن زىيانلىق ئادەت ئىكەنلىكى كۈچلۈك قەيت قىلىنىدۇ.
«چاچنى كۆيدۈرسەڭ يامان بولىدۇ»دىن ئەجدادلىرىمىزدىكى چاچ
مەدەنىيىتىنىڭ سىماسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «سۇغا سىيمە»دىن شىن-
جاڭدىن ئىبارەت تېپىك قۇرغاق ئىقلىملىق مۇھىتتا تەبىئەت بىلەن
ھايات - ماماتلىق كۈرەشتە بىللە بولۇپ، تەكلىماكاندىكى پارچە -
پارچە بوستانلىقلاردا سۇغا تەشنا بولۇپ ياشايدىغان خەلقىمىزنىڭ
سۇنى ئۇلۇغلاش ئېڭى ۋە ئەنئەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ. «ئەخلەت
بىلەن كۆلنى بىر داسقا تەڭ ئېلىپ تۆكسەڭ، ئۆلۈم بىلەن توي تەڭ
بولۇپ قالىدۇ»دا بولسا كۆل تەركىبىدىكى تەپتى كەتمىگەن ئۇششاق
چوغلار ئارقىلىق ئەخلەت، كۆلا - چاۋاغا ئوت تۇتۇشۇپ ئوت ئاپىتى
پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دېگەن مەنا بىلدۈرۈلىدۇ، ۋەھاكازالار.
دېمەك، تىل ئىستېمالىمىزدىكى «يامان بولىدۇ»لار ھەرگىزمۇ ناداند-
لىق، خۇراپاتلىق، كونىلىقنىڭ چاچراندىلىرى ئەمەس، بەلكى بەلگى-
لىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە پايدىلىق ئۆگۈت - نەسىھەتلەردۇر.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيە-
سىنىڭ يەنە بىر دەستۇرى بولغان «يامان بولىدۇ»لارنى تەكتى-
لەش، ئۇنى بۈگۈنكى بالا تەربىيىلەش سەنئىتىمىزدە جانلىق ئىش-
لىتىش، ھازىرقى باللىرىمىزنىڭ ئېڭىغا جېكىلەپ سىڭدۈرۈش
قىلچىمۇ بىھۇدىلىك ئەمەس. بەلكى بىز بالا تەربىيىسىدە، مەكتەپ
تەربىيىسىدە يۆنىلىش ۋە تاكتىكا جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق
ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. «يامان بولىدۇ»لار ئۆز
خەلق فولكلورى، خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت قاراشلىرى،
ئەخلاق مىزانلىرى، ئېستېتىك ئۆلچەملىرى، يۇرۇش - تۇرۇش،
سالام - سەھەت ئادەتلىرى ۋە پىسخىك تىندۇرما ھالەتلىرىنى
كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەم قىممىتى بار، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# چىرىلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى ـ كۆمەچ

مۇھەممەد توختى ئەھمەد

كۆمەچ ــ ھەم ئۆي تاملىقى، ھەم دالا تاملىقى تۇرمۇشقا مەنسۇپ غىزايى داۋائى يېمەكلىك. كۆمەچ چىرىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىكى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان، قۇۋۋەت دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلەرنىڭ بىرخىلى بولغاچقا، ئۇ ھەتتا يۇرت نامىغا لەقەم بولۇپمۇ سىڭگەن. ئۆزگە يۇرتلۇقلاردا چىرا ناھىيىسىگە تەۋە گۇلاخما يېزىسىدىكى كىشىلەرنى ھازىرمۇ «كۆمەچ» لەقىمى بىلەن ئاتايدىغان ئادەت بار. بۇ لەقەم ئەمەلىيەتتە مازاق قىلىش مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى زوقلىنىش مەنىسىدە ئېيتىلىدۇ. چۈنكى كۆمەچ تەييارلاش ئاددىيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنى خام قالدۇرماي ياكى كۆيدۈرۈۋەتمەي تەملىك، يېيىشلىك قىلىپ پىشۇرۇشقا مۇكەممەل ماھارەت كېتىدۇ. گۇلاخمالىقلار كۆمەچ تەييارلاشقا ئىنتايىن ماھىر كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىگە سىڭىپ قالغان «كۆمەچ»لەقىمىدىن خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن پەخىرلىنىدۇ، گۇلاخمالىقلارنىڭ بۇ لەقىمى ھەققىدە كىشىلەر مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى گۇلاخما دىيارىدا گۇلخان ئاپام دەيدىغان ھاتەم سۇپەت زەردار ۋە سېخىي بىر ئايال ئۆتكەن ئىكەن. بىر يىلىنىڭ نورۇز كۈنىدە گۇلخان ئاپام يۇرت خەلقى ۋە قوشنا يۇرت ئەھلىنى مېھمانغا چىللاپ، ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ قەسرىدە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. مېھماندوست گۇلخان ئاپام داستىخانغا تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرنى تىزغاندىن باشقا، يەنە كەڭ كەتكەن بىر تۇزلەڭلىككە ئوتۇن دۆۋىلەپ گۇلخان ياقتۇرۇپ، 40 پاقلاننىڭ گۆشى، 30 چارەك پىياز، بىر چارەك زىرە، بىر چارەك قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلاپ، بىر پاتمان (60 چارەك) بۇغداي ئۇنىنىڭ خېمىرىدا غايەت زور بىر كۆمەچ كۆمدۈرۈپتۇ. كۆمەچ پىشىپ تەييار بولغاندا، خىزمەتكارلار ئۇنى هارۋىغا يۈكلەپ تۇرالغۇ قەسر ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بىراق، كۆمەچ ھەددىدىن زىيادە چوڭ

بولغاچقا، قەسرنىڭ دەرۋازىسىدىن پاتماپتۇ. ئامال قىلال-
مىغان خىزمەتكارلار: «ئى، گۈلخان ئاپا، كۆمەچ دەرۋا-
زىدىن پاتمىدى. كۆمەچنى پارچىلاپ ئېلىپ كىرەيلىمۇ
ياكى دەرۋازىنى چاقايلىمۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن،
گۈلخان ئاپام قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «دەرۋازىنى چېقىپ،
كۆمەچنى پۈتۈن پېتى ئېلىپ كىرىڭلار» دەپ پەرمان بې-
رىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئۆرۈۋېتىلىپ، كۆمەچ
پۈتۈن هالەتتە ئېلىپ كىرىلىپتۇ. مۇنچىۋالا چوڭ كۆمەچنىڭ
ئاجايىپ ماهارەت بىلەن پىشۇرۇلغانلىقىدىن هەيران بولغان
قوشنا يۇرت ئەهلى گۈلاخمالىقلارنىڭ پاراستىگە ئاپىرىن
ئېيتىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلاخما دىيارىغا «كۆمەچ»
لەقىمى ئۆزلىشىپ قالغانمىش. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇ چىرنىنىڭ گۈلاخما قاتارلىق بىر قىسىم يې-
زىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆمەچتىن ئىبارەت بۇ بەقۇۋ
ۋەت تائامغا ئىنتايىن ئامراقلىقى ۋە كۆمەچ كۆمۈش ماها-
رىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئادەتتە كۆمەچنىڭ پېتىر كۆمەچ، قىيمىلىق كۆمەچ،
ئۆلەگ ئۆرلىتىلگەن كۆمەچ، كۆمەچدان كۆمىچى، قازان
كۆمىچى، قاتلىما كۆمەچ، توققۇزقات كۆمەچ، تۇخۇم كۆ-
مىچى، پوم قاتارلىق بىر قانچە تۈرى بولۇپ، بۇلار هەق-
قىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**پېتىر كۆمەچ**: بۇ بىر خىل قۇۋۋەت يېمەكلىكى
بولۇپ، تۇزى تەڭشىلىپ يۇمشاقراق يۇغۇرۇلۇپ،
ياپىلاق راسلانغان (ئەمما خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ بولدۇ-
رۇلمىغان) بۇغداي ئۇنى خېمىرىنى قوقاسقا كۆمۈپ پە-
شۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇنى كۆمۈشتە ئوچاق-
نىڭ تېگى راسا قىزىغىچە ئوت قالاپ، ئوتتۇن تولۇق
كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوچاققا چۈشكەن چوغ پۈ-
تۈنلەي تارتىۋېتىلىپ، خېمىر ئوچاقنىڭ تېگىدىكى شور
ئۈستىگە (ئادەتتە كۆمەچ پىشۇرۇشقا ئەپلىك بولسۇن
ئۈچۈن، ئوچاقنىڭ تېگى شوردا قاتۇرۇلىدۇ) خېمىر
پەم بىلەن سېلىنىدۇ، ئاندىن خېمىر ئۈستىگە قوقاس
تەكشى يېيىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوغ يېيىتىلىدۇ
(چوغنىڭ خېمىرغا بىۋاستە تېگىپ تۇرماسلىقى شەرت
قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىنمىغاندا، كۆمەچنىڭ سىرتى
كۆيۈك، ئىچى خام بولۇپ قالىدۇ). كۆمەچنىڭ
تەملىك، يېيىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، خېمىرغا مۇۋاپىق
نىسبەتتە ئۇششاق توغرالغان پىياز، سوقۇلغان قارىمۇچ،
زىرە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سىرتقى جايلاردا، بولۇپمۇ
جاڭگال، يايلاق، دالالاردا بۇ غىزا يېقىلغان گۈلخاند-
ىدىن هاسىل بولغان قوقاسقا كۆمۈش ئارقىلىق
تەييارلىنىدۇ.

**قىيمىلىق كۆمەچ**: بۇ ئىنتايىن تەملىك، شەربەتلىك،
يېيىشلىك هەم قۇۋۋەتلىك تائام بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك
ماغدۇر بېغىشلاپ، قورساقنى ئۇزاققىچە ئاچۇرمايدۇ.
ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇرۇچلىرى: بۇغداي ئۇنى، پاقلان
ياكى موزاي گۆشى (بەزىدە قۇشقاچ، باچكۇ گۆشلىرى)،
تۇز، پىياز، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىقلار بولۇپ، ئالدى
بىلەن ئۇششاق توغرالغان گۆش ۋە پىيازغا سوقۇلغان
زىرە بىلەن قارىمۇچ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇز تەمى
تەڭشىلىپ قىيما تەييارلانغاندىن كېيىن، پېتىر كۆمەچنىڭكـ-
گە قارىغاندا قاتتىقراق يۇغۇرۇلغان بۇغداي ئۇنى خېمىرى
نېپىزرەك راسلىنىپ، قىيما ئۇنىڭغا ياپىلاق هالەتتە ئورۇل-
ىدۇ، كۆمۈش ئۇسۇلى پېتىر كۆمەچنىڭكى بىلەن
ئوخشاش.

قازان كۆمىچى (قازان نېنى ياكى گۆشنان دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ): بۇنىڭ ئاساسلىق خۇرۇچلىرى ۋە قىيمىسىنىڭ
تەييارلىنىشى قىيمىلىق كۆمەچنىڭكى بىلەن ئوخشاش بول-
سىمۇ، ئەمما پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە
قىيمىلىق كۆمەچ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلسا، قازان كۆ-
مىچى قازانغا ئاز مىقداردا زىرائەت مېيى قۇيۇپ، سۇس
ئوتتا داغلاش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. خېمىرنىڭ چىڭ-
بوشلۇق دەرىجىسى ئوتتۇراهال بولىدۇ، داغلانغاندىن
كېيىن خوشاڭ دۇملىگەندەك دۇملەپ پىشۇرۇلسا، ياشان-
غانلار ئۈچۈن يۇمشاق هەم يېيىشلىك بولىدۇ.

**قاتلىما كۆمەچ**: تۇز تەمى تەڭشىلىپ، ئادەتتىكىدىن
يۇمشاقراق يۇغۇرۇلغان بۇغداي ئۇنى خېمىرى يۇتازا خېمە-
رىدەك ئىنتايىن نېپىز راسلىنىپ، ئۈستىگە ئۇششاق توغرال-
غان كۇدە ئارىلاشتۇرۇلغان ئەبجەش ماي (يەرلىكلەر قادى
ياغ دەپ ئاتايدۇ) سۇۋالغاندىن كېيىن، خېمىر يۆگىلىپ بەل-
گىلىك دەرىجىدە ياپىلاقلىنىپ، قازاندا ئازراق ماي بىلەن
سۇس ئوتتا داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان غىزا بولۇپ، قەۋزىيەت،
گېموررويي كېسىلى بارلارغا تېخىمۇ باب كېلىدۇ.

**ئۆلەگ كۆمەچ**: بۇغداي ئۇنى، سۇ، مۇۋاپىق مىق-
داردىكى تۇز، خېمىرتۇرۇچ بىلەن يۇمشاقراق يۇغۇرۇ-
لۇپ، مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزۇپ ئۆرلىتىلگەن (بولدۇ-

رۇلغان)دىن كېيىن، يۇقىرىقىغا ئوخشاش قازاندا داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

**پوم** (پوكو دەپمۇ ئاتىلىدۇ): بۇ، قوناق ئۇنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدىغان بىر خىل كۆمەچ تۈرى بولۇپ، تۇزى تەڭشىلىپ پىياز، قارىمۇچ، زىرە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلغان قوناق ئۇنى خېمىرى يېتىر كۆمەچكە ئوخشاش قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. شارائىت بولسا قىيمىلىق قىلىپ پىشۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. پوم ئەينى زامانلاردا تولاراق نامرات كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان تائاملاردىن ھېسابلىناتتى. ھازىرقى كۈندە يۇقىرى قان بېسىم، دىئابىت كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلار ۋە زىيادە سەمرىپ كەتكەنلەر داۋائى غىزا سۈپىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە.

**كۆمەچدان كۆمىچى** (ياۋا كۆمەچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ): تاغ رايونلىرى خەلقىنىڭ ئىستېمال مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان بۇ خىل كۆمەچ قوناق ئۇنى مۇۋاپىق سۈت ۋە تۇز قوشۇلغان سۇدا يۇغۇرۇلۇپ، ئارىسىغا توغرالغان گۆش ۋە «ياۋا» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا پىياز (تاغ پىيازى)دىن تەييارلانغان قىيما ئېلىنىپ، ياپقۇلۇق مېتال كۆمەچدانغا قاچىلانغاندىن كېيىن، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. خېمىرنىڭ كۆمەچدانغا چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كۆمەچداننىڭ ئىچىگە سېرىقماي سۈۋۈلىدۇ.

**توققۇزقات كۆمەچ**: بۇمۇ چىرا ناھىيىسىدىكى ئۇلۇغساي قاتارلىق تاغلىق رايون خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى غىزا تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئوبدان ئىشلەنگەن بۇغداي ئۇنى خېمىرى نېپىزرەك راسلىنىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، ھەر بىر قات ئارىلىقىغا خېمىر پاسىل قىلىنغان ھالدا بىر قات گۆش - پىياز قىيما، بىر قات ياڭاق مېغىزى - پىياز قىيما، بىر قات ئۆرۈك مېغىزى - پىياز قىيما، بىر قات تۇخۇم، بىرقات شېكەر ... دېگەندەك ئۈستى - ئۈستىلەپ قاتمۇ قات تەييارلىنىپ، كۆمەچدان ئارقىلىق قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. شارائىت ۋە قىيما تۈرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنى تۆت - بەش قات ياكى ئۇنىڭدىن كەم - زىيادە تەييارلىسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كۆمەچ ئەينى زاماندا «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز سورۇنى»دىكى قىزلارنىڭ ماھارىتىنى سىنايدىغان ئۆلچەم قىلىنغان. يەنى قايسى قىزنىڭ تەييارلىغان كۆمىچى تەملىك ھەم سۈپەتلىك بولسا، شۇ قىز سورۇننىڭ گۈلى ھېسابلانغان. ئەمما، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنى ئۆي، يايلاقلاردا ئۆز ھالىغا يارىشا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىمۇ بار ئىدى، بۇ ئادەت ھېلىمۇ داۋام قىلماقتا.

**تۇخۇم كۆمىچى**: بۇ، توخۇ تۇخۇمى، قوينىڭ دۈمبە (قۇيرۇق) مېيى، ئاق ئۇن ۋە قوناق ئۇنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدىغان بىر خىل كۆمەچ بولۇپ، ئالدى بىلەن قاچىغا 30 ئەتراپىدا تۇخۇم چېقىلىپ، ئۈستىگە بىر چىنە سۇ (شۇ مىقداردا سۈت بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ)، مۇۋاپىق تۇز قويۇلۇپ راسا قوچۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان بىر جىڭ دۈمبە مېيى، تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلغان ئاق ئۇن ۋە قوناق ئۇن ئارىلاشمىسى سېلىنىپ، بارلىق خۇرۇچلار تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇقراق ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆمەچدانغا سېلىنىپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك، تەملىك ھەم يېيىشلىك غىزا بولۇپ، ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىش، جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە.

(ئاپتور: خوتەن شەھىرى مەدەنىيەت يولى 24 - قورۇ)


## بىلدۈرگۈ


**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2008 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلەشكۈچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن (0991) 4554017

# ھېكمەتلەر



## غەزەل تىلى بىلەن

ناۋايى بىلەن بىنايى ئەسلىدە يېقىن دوست ئىدى. ئەمما، ھەسەتخورلارنىڭ ئارىدا گەپ توشۇشى سەۋەبىدىن، ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ قاپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، بىنايى ئۆزگە يۇرتقا كۆچۈپ، باشقا پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئۆتۈپتۇ، ناۋايى ياشلىقىدىن بىللە ئۆتكەن دوستى ھۈسەين بايقارانىڭ خىزمىتىدە قاپتۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ، ناۋايىنىڭ بەزىدە ناۋايى، بەزىدە پانى دەپ يازغان غەزەللىرى بىنايىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بىنايىنىڭ ئۆزىنى بىر ئاز كۆرسىتىپ يازغان غەزەللىرىمۇ ناۋايىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى سېغىنىشىپ، بىر - بىرلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەنمۇ ۋە ياكى سۆز ئويۇنى قىلىشىپ، قەلبلىرىدىكى يېقىنلىقنى ئىزھار قىلىشقىسى كەلگەنمۇ - نېمە؟ بىر - بىرلىرىگە خەت يېزىشقا باشلىشىپتۇ. بىنايى ئۇزۇن بىر غەزەل يېزىپ، ئاخىرىنى:

ئاجايىپ غەزەللەر يېزىپ ئەۋەتتى مەشھۇر بىنايى،

ئوقۇپ جاۋاب يازسۇن دەپ ناۋايى ياكى پانى.

دېگەن مىسرالار بىلەن تاماملاپتۇ. ناۋايى غەزەلنى ئوقۇپ، بىنايىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەملەپتۇ ھەمدە نەسھەتگۇيلۇك بىلەن چوڭ بىر غەزەل يېزىپتۇ. غەزەل ئاخىرىنى:

بىنايى غەزىلىگە جاۋاب يازدى ناۋايى،

دېدى: ئۆزۈڭنى كۆرسەتمە، بۇ دۇنيا - پانىي.

دەپ تۈگىتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ غەزەل ئارقىلىق ئېلىپ بارغان سۆزلىشىشلىرى خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشقانمىش.

## گەپ ناۋاسىدا

بىر كۈنى ناۋايى بىلەن بىنايى كوچىدا كېتىشىۋاتقانىكەن، بىر باغدىن غەزەل ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. غەزەل بىنايىنىڭكى ئىكەن. بىنايى بۇ غەزەلنىڭ ئۆزىنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ناۋايىغا:

— باغقا كىرەيلى، غەزەل ناھايىتى ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ.

ناۋايى رازى بوپتۇ. ئىككىسى باغقا كىرىشىپتۇ. غەزەلخان غەزەلنى ئوقۇپ بولغاندا، بىنايى ماختىنىپ:

— ھەي ئىنىم، شېئىرنى بىنايىدەك يېزىپسەن، ئوقۇشۇڭمۇ بىنايىدەك ئىكەن، رەھمەت، ساڭا ئاپىرىنلار ئوقۇيمەن! — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ناۋايى:

— ئەمما لېكىن، بۇ دوستىمىز شېئىرنىڭ ناۋاسىنى جايىغا قويالماپتۇ، ئازراق يەم - پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، پېشانە تەرىنى تۆككىنىدە، غەزەلنىڭ ناۋاسى جايىغا كەلگەن بولاتتى... — دەپتۇ.

بۇ سۆز بىنايىنى خىجالەت قىپتۇ. ئۇ يەرگە قاراپ قاپتۇ....

## شائىر چۇلۇۋۇردارى

ھەزرىتى ناۋايى «خەمسە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ تۈگىتىپ، دوستى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. قولىدىكى تۈگۈننى يەشمەستىنلا ئۇنىڭغا سۇنغان ئىكەن، ھۈسەيىن بايقارا:

— بۇ نېمە؟ — دەپتۇ. ناۋايى:

— ئاۋۋال ئېچىڭ، ئاندىن نېمىلىكىنى بىلىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا تۈگۈننى ئېچىپتۇ. قارىسا كىتاب ئىكەن. شۇ چاغ ناۋايى:

— «خەمسە»نىڭ ئاخىرقى سەھىپىسىگە ھازىرلا چېكىت قويدۇمدە، ئەڭ ئاۋۋال قەدىردان دوستۇم كۆرسۇن، دەپ سىز سۇلتانىغا ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. قولىدىكى كىتاب بىلەن ناۋايىنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلانغان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتتىكى ئالىم - ئۆلىما، شائىر - ھاپىز، سازەندە، يۇرت كاتتىلىرىنى دۇنيادا تېڭى يوق باغ — «باغى ھۈسەيىنى»گە يىغىشنى ئەمر قىپتۇ.

ھۈسەيىن بايقارانىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك بىر ئەرەب ئارغىمىقى بار ئىكەن. خەلق ئۇنى «سۇلتان ئات» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئاتنىڭ ئۆزىمۇ ئات دېسە دېگۈچىلىكى بار قالتىس ئات بولۇپ ئويناپ تۇرىدىكەن. قامچا تېگەر - تەگمەيلا كۆككە چاپچىيدىكەن. ئالدىغا كەلگىنىنى چىشلەپ، ئارقىدىن كەلگىنىنى تېپىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئاتنى توقۇش، يەم - خەشەك بېرىشنى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۆزىلا قىلىدىكەن. شۇ چاغ ھۈسەيىن بايقارا ئېغىلغا كىرىپ ئاتنى ئىگەرلەپ چىقىپتۇ - دە، ناۋايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بوز ئاتقا مىنىڭ، — دەپتۇ. ناۋايى ئاتقا كۆپ مىنگەن بولسىمۇ، بۇ ئاتنىڭ خۇيىنى بىلگەچكە، چۆچۈپتۇ.

— ياق، مىنمەيمەن، — دەپتۇ سۇلتاننىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

ھۈسەيىن بايقارا يەنە:

— ئاتقا مىنىڭ، — دەپتۇ.

— مىنەلمەيمەن، — دەپتۇ ناۋايى، — ياۋاش ئاتنىڭ ئۈستىدە ئارانلا ئولتۇرىدىغان تۇرسام، ياق، بۇ شاش ئاتقا مەن مىنەلمەيمەن، بۇ ئاتقا مىنىشكە مېنى زورلىماڭ.

— مىنىڭ، دېدىممۇ، مىنىسىز، — ھۈسەيىن بايقارا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، — مەۋلانا، ئېيتىڭچۇ، پادىشاھنىڭ ئەمرى نېمە؟ ماشايىخلار، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، دېيىشىدىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ناۋايى.

— شۇنداق ئىكەن، بەس، ھۈسەيىن سىزگە كىم بولىدۇ؟

شۇ چاغ ناۋايى:

— دوستۇم ھۈسەيىن يۇرتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يۇرتقا سۇلتان ئىكەنمەن، سىزمۇ ماڭا تەۋە پۇقرا ئىكەنسىز، ئۇنداقتا، سۇلتانىڭىز ئەمرىنى بېجىرىشتىن باش تارتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

گەپ شۇ پېتى داۋاملىشىۋەرسە، قىزىرىشىپ قېلىپ، ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈشىگە ئەقلى يەتكەن ناۋايى: «بوپتۇلا، تەۋەككۇل، نېمە بولسا بولار»، دېگەن يەرگە كەپتۇ - دە:

— ھە، مەيلى، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمرىڭىزنى بېجىرەي، — دەپ «سۇلتان ئات»قا مىنىشكە رازى بوپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا دەرھال ناۋايىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپتۇ - دە، بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا شائىرنىڭ «خەمسە»سىنى تۇتۇپ، «باغى ھۈسەيىنى»گە كىرىپ كەپتۇ. ناۋايىنىڭ «سۇلتان ئات» ئۈستىدە ئولتۇرغىنىنى، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۇنىڭغا چۇلۇۋۇردار بولۇپ پىيادە كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ۋەزىر، ئۆلىما ۋە ھەممە پۇقرالار ھاڭ - تاڭ بولۇپ، تۇرغان جايىدا قېتىپ قېلىشىپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقان ھالدا جامائەت يىغىلغان جاينى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ. سۇلتان تەخت ئورنىتىلغان يەرگە شۇ پېتى بېرىپ توختاپتۇ. «پادىشاھ چۇلۇۋۇردار بولۇپ، ناۋايىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، بۇ قانداق گەپ، نېمە بالا بولغاندۇ؟ تەختكە ناۋايىنى ئولتۇرغۇزماقچىمۇ - يە؟ يائەلھەزەر، يا ئەلھەزەر. سۇلتاننىڭ بۇ ئىشىغا نېمە

دېيىش مۇمكىن» دېگەن پىتنە - پاسات، شۇئىر - شۇئىرلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ.

— ئەھلى پۇقرالار، سۇلتانلىق سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار. شائىرىمىز ئەلشىرنى «سۇلتان ئات»قا مىندۈرۈپ، ئۇنىڭغا چۇلۋۇردارلىق قىلغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قېلىڭلار. سۇلتانىمىزغا نېمە بولدىكى، دەپ ھەيران بولماڭلار. دوستۇم ئەلشىر ئۆز «خەمسە»سىنى يېزىپ تۈگىتىپ، بىزگە تەقدىم قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ بىزگە زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ھەددى - ھېسابسىز خۇرسەن قىلدى.

شۇ چاغ:

— ئاپىرىن! ئاپىرىن! شائىر ئەلشىرنىڭ قوللىرى ئەسلا دەرد كۆرمىسۇن. ئۆمرى ئۇزۇن، ھەرتۇۋسى زىيادە بولسۇن! — دېگەن خىتابلار تەرەپ - تەرەپتىن ياڭراپتۇ.

— مەن سىزلەرگە كىم بولىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھۇسەيىن بايقارا ئولتۇرغانلاردىن.

— يۇرتىمىز سۇلتانىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ ئولتۇرغانلار.

— ئۇنداقتا، سۇلتانلىق سۆزۈم، ئاڭلاڭلار! ھەقىقەتەنمۇ مەن يۇرت سۇلتانىمەن، مۇشۇ يۇرت، ئەل - قەبىلىلەر پادىشاھىمەن. ئەمما، ئالدىڭلاردا تۇرغان دوستۇم ئەلشىر ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلاد - ئەجدادلىرى قەلبىدە مەڭگۈ ھۆرمەت بىلەن ساقلىنىدىغان سۇلتاندۇر. مەن ئەنە شۇ شېئىرىيەت ئالىمىنىڭ سۇلتانى، ئۇلۇغ شائىرغا چۇلۋۇردار بولالىغىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن.

ھۇسەيىن بايقارا شۇنداق دەپتۇ - دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ ناۋايىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ.

### بابىر لەقىمى

پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى زەھىرىددىن كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ۋە يۈرەكلىك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۆمەر شەيخ بوش ۋاقىتلىرىنى كۆپرەك شىكار بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ۋە ھەر قېتىم ئوۋغا چىققىنىدا، ئوغلىنى بىللە ئېلىپ چىقىدىكەن. بىر كۈنى شىكار ئەۋجىگە چىققاندا ياش زەھىرىددىن مۇھەممەد جاڭگالدا ئادىشىپ قاپتۇ. ئۇ تاغ يۈرەك بولغىنى ئۈچۈن ھېچبىر قورقماپتۇ، يىغلاپ - قاقشىماپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، كەچ كىرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بىر غارنى كۆرۈپ قاپتۇ. «مۇشۇ غارنىڭ ئىچىدە تۈنەي، تاڭ ئاتقاندا ئاتامنى ئەلۋەتتە ئىزدەپ تېپىۋالىمەن» دېگەن خىيال بىلەن ئۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. يېرىم كېچىدە قۇلاقنى پاڭ قىلغىدەك دەھشەتلىك ھۆركىرەش ئاڭلىنىپتۇ. زەھىرىددىن قىلچە ۋەھىمىگە چۈشمەپتۇ ۋە نېمە بولۇشنى كۈتۈپ، قىمىر قىلماي جىم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئاۋاز غارغا يېقىنلاپ كېلىۋېرىپتۇ. ئۇ نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىكىلىپ قارىسا، ئاغزىغا يوغان بىر ئولجىنى چىشلىۋالغان ئانا يولۋاس غارغا كىرىپ كېلىۋاتقان ئىمىش. بالا، ئاخىر نېمە بولاركىن، دەپ جىم تۇرۇۋېرىپتۇ، يولۋاس ھەيۋەت بىلەن غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. شۇ چاغ ئىككى يولۋاس بالىسى بىر - بىرىنى قوغلاشقان پېتى زەھىرىددىن مۇھەممەدنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئانىسىغا يېپىشىپتۇ. ئانا يولۋاس بالىلىرىنى پۇراپتۇ، ئەركىلىتىپتۇ، ئاغزىدىكى ئولجىنى تاشلاپ بېرىپ، بالىلىرىنى تاماقلاندۇرۇپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بالا تاڭ ئاتقىچە قىمىر قىلماي، كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئانا يولۋاس ئوزۇق ئىزدىگىلى غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد بىر پەس ئۈن چىقماي تۇرۇپتۇ - دە، تەۋەككۇل قىلىپ يولۋاس بالىلىرى يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس بالىلىرى بالىنى خىرىلداپ قارشى ئېلىشىپتۇ، بالا قورقماپتۇ. بارا - بارا ئۇلار بىر - بىرىدىن ياتسىراشماي، ئورتاق تىل تېپىشىپ، ئىناق - ئىجىل بولۇپ كېتىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئۆمەر شەيختىن ئاڭلاڭ: شىكارغا بېرىلىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ باشتا ئوغلىنىڭ يوقالغىنىنى بىلمەي قاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ، كاناي - سۇنايلار چېلىنىپ، شىكار يىغىشتۇرۇلغاندا، زەھىرىددىن مۇھەممەدنىڭ يوقلۇقى بىلىنىپتۇ. ئۆمەر شەيخ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. مەشئەل يېقىپ، جاڭگالنى قەدەممۇ قەدەم ئاختۇرۇشقا بۇيرۇق قىپتۇ، «بالا تېپىلمىسا، ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن»، دەپتۇ.

بىر چاغ ئۆمەر شەيخنىڭ كۆزى يولۋاس ئىزىدىكى قانغا چۈشۈپ قاپتۇ. «بالامنى يولۋاس ئېلىپ قېچىپتۇ»، دەپ ئويلاپ، پىغانى پەلەككە يېتىپتۇ. ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپتۇ.

ئۆمەر شەيخ ھوشىغا كېلىپ، قان ئىزى بېسىپ مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىزمۇئىز بېسىپ مېڭىۋېرىشكەن ئىكەن، جاڭگال چېتىدىكى تاشلاندۇق بىر غارنىڭ ئالدىدىن

چىقىپ قېلىشىپتۇ. غارغا كىرىپ قاراشسا، بىر بالا ئىككى
يولۋاس بالىسى بىلەن يومىلاقلىشىپ ئويناۋاتقان ئىكەن.
بالىسىنى ساق ـ سالامەت كۆرگەن ئۆمەر شەيخنىڭ خۇ.
شاللىقتىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بوپتۇ.

ئۇۋچىلار يولۋاس بالىلىرى بىلەن زەھىرىددىن مۇ.
ھەممەدنى بىللە ئېلىپ سارايغا قايتىشىپتۇ. بۇ ۋەقە بىر
پەستە شەھەرگە پۇر كەپتۇ. «ھەزرىتى ئالىينىڭ ئوغلى
يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭىپتۇ» دېگەن خەۋەر
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەمم.
سىگە يېتىپتۇ، كىشىلەر ھەيرانلىقتىن ياقىلىرىنى چىشلىشىپ.
تۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئەسلىي نامى بولغان زەھ.
رىددىن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا، بابىر يەنى يولۋاس دېگەن
لەقەمنى قوشۇپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ. بابىر يولۋاس با.
لىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، تەك چوڭ بولۇپتۇ. جىمى
خالايىق ھايۋانلار شاھى بولغان ۋەھشىي يولۋاستىنمۇ
قورقمايدىغان باتۇر، تاغ يۈرەك يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ.

## كەپتەر نېمە دەيدۇ

بابىر كىچىكىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆمەر شەيخ ئەھيانلىرى بىلەن قە.
سىردە ئولتۇرغان ئىكەن، بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ
ئايۋان پەشتىقىغا قونۇپتۇ ـ دە، «گۇ ـ گۇ ـ گۇ» قىلىۋې.
رىپتۇ. ئۆمەر شەيخ ئەھيانلىرىدىن «كەپتەر نېمە
دەيدۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇزاقتىن بۇيان
ئۇرۇش كۆرمەي قىلىچلىرى قانسىراپ قالغان ئەھيانلار:
«ئالىي ھەزرەتلىرى، كەپتەر قىلىچلارنى قىنىدىن چىقى.
رىش كېرەك، دەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

گەپكە ئارىلاشماي بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان بابىر:
«ياق، كەپتەر ئۇنداق دېمەيدۇ. بوۋام قوغۇنلۇق سەيلى.
سىگە چاقىرىپتۇ، بۇ جانىۋار شۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈ.
زۈۋاتىدۇ»، دەپتۇ. ئۆمەر شەيخ كەپتەرنى تۇتۇپ كەلتۈ.
رۈشنى بۇيرۇپتۇ. كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىپ، پۇتىدىن مىس
ھالقىنى ئېلىپ قاراشسا، ئىچىدىن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ.
خەتتە: «ھەزرەت، قوغۇن مەي باغلاپ پىشتى. كېلىپ
ئېغىز تەگكۈزسەڭلار»، دەپ يېزىلغان ئىكەن. بابىرنىڭ
گېپى توغرا چىققانلىقىدىن تەئەججۈپلەنگەن ئۆمەر شەيخ
ئوغلىدىن: «بۇنچىلىك چېچەن ۋە تاپقاقلىقىڭنىڭ سەۋەبى
نېمىدۇر؟» دەپ سوراپتۇ. «ئاتا، دەپتۇ بابىر، بۇ كەپ.
تەرگە دىققەت قىلمىدىڭىز، ئۆتكەن يىلمۇ قوغۇنلۇق سەي.
لىسىنى دەل مۇشۇ كەپتەر خەۋەر قىلىپ كەلگەن ئىدى.
كەمىنىنىڭ كۆزى كەپتەرنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى قارا خالغا
چۈشكەن زامان ئۇنى تونىدى. شۇڭا مېنىڭ تەخمىنىم
توغرا چىقتى».

ياش بابىرنىڭ ھوشيارلىقى، تاپقۇرلۇقىغا قايىل
قالغان ئۆمەر شەيخ ئەھيانلىرىغا قاراپ: «قىلىچنى
ئەمەس، ئەقلنى ئىشقا سالماق لازىم. خەۋەر قىلىڭلار،
ھەممە قوغۇنلۇق سەيلىسىگە ئاتلانسۇن» دەپ بۇيرۇپتۇ.

## ھىندى، تىلىمى ۋە تەمدىن...

پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن بابىر ھىندىستان دېگەن
يۇرتقا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ سۇلتانى بوپتۇ. ھىندىستان باغ.
ۋاران كۆپ، مېۋە ـ چېۋىگە باي يۇرت ئىكەن. شاھ
بابىر، مەندىن خاتىرە قالسۇن دېگەن مەقسەتتە، ھىندىس.
تاننىڭ كۆركەم بىر جايىغا بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. دۇنيا
بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان بۇ باغقا تۆرلۈك يۇرتلارنىڭ
مېۋىلىرى: ئالمىيۇ ـ ئالۇچا، ئانارۇ ـ ئەنجۈر، چىلانۇ ـ
ياڭاق، پىستەيۇ ـ بادام، نەشپۈتۇ ـ ناك، ئۆرۈكۇ ـ
ئۈزۈم، بېھىيۇ ـ خورما، گىلاسۇ ـ قارا ئۆرۈك... خىلمۇ
خىل گۈللەر، ئىشقىلىپ ئالەمدە بار بارلىق مېۋىلىك دە.
رەخلەر ۋە گۈللەر تىكىلىپ، ئۆستۈرۈلۈپتۇ. خەلق دۇنيا.
غا داڭقى كەتكەن بۇ باغقا «باغى بابىريى» دەپ نام قو.
يۇپتۇ. باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر شۇنداق مېۋىگە كې.
رىپتۇكى، بۇ مېۋىلەرنى ھېچ يەرگە سىغدۇرغىلى بولماي
قاپتۇ. «باغى بابىريى»نىڭ بىر تەرىپى ئېتىزلىق ئىكەن،
ئۇنىڭدا پىياز، سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر ۋە قوغۇن،
تاۋۇز تېرىپتۇ. بابىر شاھ قوغۇننى ياخشى كۆرىدىكەن.
لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، قوغۇن زادى ھوسۇل بەرمەپتۇ.
ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىلىمۇ شۇنداق بوپتۇ. قوغۇن چۈ.
شۈشىغۇ چۈشۈپتۇ، ئەمما، بىرىنچى يىلى چېچەكى بىلەن
تەڭلا يەرگە چۈشۈپتۇ، ئىككىنچى يىلى پىلىكى قۇرۇپ
قاپتۇ، ئۈچىنچى يىلى قوغۇن پىشمايلا يىگىلەپ قاپتۇ.
بابىر شاھ بولسا، قوغۇننىڭ جوداسىنى قىلىۋېرىپتۇ.
«مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دېگەندەك ئۈچ يىل
ئۇدا نەتىجە چىقمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن شاھ تۆتىنچى
يىلى:»

— بۇ يىلمۇ قوغۇن تېرىپ پىشۇرالمىساڭلار، ھەممىڭلارنى جازالايمەن، — دەپ قەھر ـ غەزەپ قىپتۇ. باغۋەنلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى تازىمۇ قېتىپتۇ. ئاخىر بابىر شاھقا بىلىندۇرمەي، پەرغانىگە بېرىپ قوغۇن ئېلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىر قېتىم بابىر شاھ بىر مەزگىللىك ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. باغۋەنلەر باشلىقى شۇ پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئون بىر كىشىنى يېنىغا ئېلىپ: «پەرغانە نەدىسەن؟» دەپ يولغا چىقىپتۇ. كارۋان يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىر ئاي دېگەندە پەرغانە ۋىلايىتىگە يېتىپ بېرىپتۇ، ئات، تۆگىلەرگە قوغۇن ئارتىپ، يەنە بىر ئاي دېگەندە ھىندىستانغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن بابىرشاھ باغۋەنلەرنىڭ پەرغانىگە بېرىپ كەلگىنىنى بىلمەي قاپتۇ. بابىر شاھ باغۋەننى چاقىرتىپتۇ، باغۋەن قوغۇنلارنى ئېلىپ شاھ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. شاھ قوغۇنلارنى پۇراپ بېقىپ «قەيەرنىڭ قوغۇنى؟» دەپ سوراپتۇ. باغۋەن: «باغى بابىرىيدا چۈشكەن قوغۇن»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ياق، ھىدى باشقىچە، بۇنداق ھىدلىق قوغۇن بۇ يەرلەردە بولمايدۇ، پەقەت بىرلا ئۆلكىدە بولىدۇ، سەن مېنى ئالداۋاتىسەن»، دەپتۇ بابىرشاھ. «ئالدىغان بولسام، بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ شاھىم. بۇ قوغۇن «باغى بابىرىيدا پىشقان قوغۇن»، دەپتۇ باغۋەن سۆزىدىن يانماي، بابىرشاھ قوغۇننى پۇرا ـ پۇرا مەست بوپتۇ. قوغۇننى پىچماقچى بوپتۇ. قوغۇن پىچاق تېگەر ـ تەگمەستىن تارسىلداپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بابىرشاھ باغۋەنگە قاراپ:

— يالغان سۆزلەپسەن. قوغۇننى قەيەردىن كەلتۈرگىنىڭنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيت. پىچاق تېگەر ـ تەگمەيلا يېرىلىپ كېتىدىغان قوغۇن پەقەت مەن بىلىدىغان ئۆلكىدىلا چىقىدۇ. سەن مېنىڭ سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەرمەيۋاتىسەن، قەھرىمنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورقمايۋاتىسەن، — دەپتۇ.

— ئالىي ھەزرەت، ئالدىسام بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىڭ، مەن رازىمەن. سىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ قوغۇن «باغى بابىرىي»دا پىشقان، — دەپتۇ باغۋەن، لېكىن كۆڭلىدە، پادىشاھ «قېنى پىلىكىنى كۆرسەت» دەپ قالسا، ھالىم نېمە بولار؟ دەپ ئويلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. بابىر شاھ بۇنى سېزىپتۇ، لېكىن بىلمىگەنگە ساپتۇ. پادىشاھ قوغۇننى تىلىپ، بىر تىلىمنى يەپ بېقىپتۇ. قوغۇن شېرىنلىقىدىن تىلنى يارارمىش. بابىرشاھ: «ياق، سەن مېنى ئالداپسەن. بۇنداق شېرىن، تىل يارار قوغۇن بۇ يەرلەردە پىشمايدۇ. باشقا جايدىن كەلتۈرۈپسەن. راستىنى ئېيتساڭ گۇناھىڭدىن كېچىمەن. ئەگەر يەنىلا مېنى ئالدايدىغان بولساڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن ئاجرىتىپ تاشلايمەن»، دەپتۇ.

شائىرلىقتا ۋە دانالىقتا تونۇلغان بابىر شاھنى ئالداشقا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزگەن باغۋەن راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ:

— پەرغانە ۋىلايىتىدىن كەلتۈردۇق، — دەپتۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — راست ئېيتتىڭىز شاھىم. بۇنداق قوغۇنلار خۇددى سىز ئېيتقاندەك، پەقەت شۇ يەرلەردىلا بولىدۇ. شېكەر پىلەك دېگەن مۇشۇ...

باغۋەننىڭ سۆزىدىن بابىر شاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلاپ تاشلاشقا تاسلا قاپتۇ. باغۋەن: «شاھىم، سوراپ يۈرۈپ، قوغۇننى نەدىن ئېلىپ كەلگىنىمنى بىلىۋالدىڭىز. ئەمدى نېمە قىلىسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئەمما، ئۆلۈمۈم ئالدىدىن مەنمۇ سىزدىن بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تىلەيمەن»، دەپتۇ. بابىرشاھ: «سورا سوئالىڭنى»، دېگەنىكەن، باغۋەن: «قوغۇننىڭ بۇ يەرنىڭ ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟»، دەپتۇ. «ھىدى، پىچاق تېگەر ـ تەگمەي يېرىلىپ كېتىشى ۋە تىلنى يارار شېرىنلىكىدىن ئانا يۇرتۇم قوغۇنى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. رەھمەتلىك ئاتام باغدىكى ئېتىزغا مۇشۇنداق شېكەر پىلەك قوغۇننى كۆپ تېرىيتتى. ھىندى يۇرتىدا تۇرۇپ يۇرتۇمنىڭ شېكەر پىلەك قوغۇنى بىلەن كۇتكىنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار ھېسابلانمايسەن، ئەكسىچە ئىنئام ـ ئېھسانغا لايىقسەن»، دەپتۇ بابىر شاھ ۋە باغۋەنگە رەھمەتلەر ئېيتىپ، باش ـ ئاياغ سەرپا كىيگۈزۈپتۇ ـ دە، مۇنۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ:

تالىيىم يوقكى جېنىم بالالىق بولدى،
ھەر بىر ئىشتا قىلغىنىم خاتالىق بولدى.
ئۆز يۇرتنى تاشلاپ ھىندى تەرەپ يۈزلەندىم،
يارەببى، نىم قىلاي، نە يۈز قارالىق بولدى.

تەييارلىغۇچى: ماخمۇت زەيدى



ئەسئەت بارات

# «غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا

جۇڭگونىڭ كۇنچۇ سەنئىتى، قەدىمىي چالغۇلار سەنئىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ۋە جۇڭگو موڭغۇلىيە ھۆكۈمەتلىرى بىرلىشىپ ئىلتىماس قىلغان موڭغۇللارنىڭ ئۇرت ناخشىلىرىنىڭ ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن (ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشى ھەم 2006 - يىلى «جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ ئايتوقاچ بايرىمىدا جۇڭگو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلۈشى، گوۋۇيۈەننىڭ 518 - تۈرنى «تۇنجى نۆۋەتلىك دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دەپ ئېلان قىلىشى ۋە 2006 - يىل 10 - ئىيۇندا دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى»نى ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ كىشىلەرگە ئاستا - ئاستا تونۇلۇشقا باشلىدى.

ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ سۆزلۈك لۇغىتىگە يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن بۇ ئىلمىي ئاتالغۇ ئامېرىكىنىڭ «ماددىي مىراس» دېگەن ئاتالغۇ ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. 1982 - يىلى ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى «غەيرىي ماددىي مىراسلار» (Nonphysical Heritage) دېگەن نامدا بىر باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە «غەيرىي ماددىي مىراسلىرى» دېگەن ئاتالغۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. 1950 - يىلى ياپونىيە «مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى ۋە تۇنجى بولۇپ «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاتالغۇ «شەكىللىك مەدەنىيەت مىراسلىرى»نىڭ مۇقابىلى

سۈپىتىدە قويۇلغانىدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دەپ قاراشماقتا. ئەمەلىيەتتىمۇ مەزمۇن ۋە تەبىر جەھەتتىن ئاتالغۇ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولاتتى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ياپونىيىنىڭ «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسى» دېگەن ئاتالغۇسىنىڭ تەسىرىدە 1992 - يىلى «غەيرىي ماددىي مىراس» دېگەن ئورگاننىڭ نامىنى، «شەكىلسىز ماددىي مىراس» (Intangible Heritage) دەپ ئۆزگەرتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسى» دېگەن سۆز مەيدانغا كەلگىنىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشتى، دېيىشكە بولىدۇ. ئېلىمىزدە بولسا يەنىلا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دەپ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن سۆزنىڭ جۇڭگودا ئىستېمال قىلىنىشى يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەرگە بەك تونۇشلۇق دەپ كېتىشكە بولمايدۇ. 2001 - يىلى ئېلىمىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ب د ت تەشكىلاتىغا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسىرنى بېكىتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، بىر قاتار پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»غا ئائىت (دەسلەپتە ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ ئېلىندى) تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئاتالغۇنى كىشىلەرگە ئاستا - ئاستا بىلدۈردى. قىسقىسى، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېلىمىزدە ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، مەيدانغا كەلگەن تارىخى تولىمۇ قىسقا دېيىشكە بولىدۇ.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىلمىي ۋە قېلىپلاشقان ھالدا شەرھلەش ئىنتايىن مۇھىم. ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»دە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» دېگەن بۇ ئاتالغۇغا بولسا، ھەرقايسى مەھەللە، ئاۋام ۋە بەزىدە شەخسلەر تەرىپىدىن خىلمۇخىل ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش سەنئىتى، ئىپادىلەش شەكلى، بىلىم، ماھارەت ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قوراللار، نەرسىلەر، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىيەت سورۇنلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارالغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەبىر بېرىلگەن. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»دىكى يۇقىرىدىكى تەبىرگە ئاساسەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» تۆۋەندىكىدەك بەش خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئاغزاكى ئەنئەنىلەر ۋە ئىپادىلەر شەكلى يەنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ۋاستە بولىدىغان تىل؟

(2) ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتى؟

(3) ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، مۇراسىم ۋە ھېيت - بايرام پائالىيەتلىرى؟

(4) تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئالەمگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە ئەمەلىيەتلەر؛

(5) ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى.

2005 - يىلى مارتتا گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئېلىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» [قوشۇمچە ھۆججىتى]، «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، باھالاش ۋاقىتلىق چارىسى»دە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خىلمۇخىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى (مەسىلەن، ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرى، ئورۇنداش سەنئىتى، ئەنئەنىۋى بىلىملەر، ماھارەتلەر ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سايمانلار، نەرسىلەر ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى) ۋە مەدەنىيەت بوشلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەبىر بەردى. «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، باھالاش ۋاقىتلىق چارىسى»دە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە تۈرلۈك مەزمۇنى كۆرسىتىلدى. بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئالدىنقى بەش تۈرى ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى

قوغداش ئەھدىنامىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش تۈرلۈك مەزمۇن بىلەن بىردەك بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىپادىلەش شەكىللىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت بوشلۇقى دېگەن ئالتىنچى تۈر قوشۇلدى.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئائىت ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى. گەرچە كۆپلىگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ تۈرلىرى بەلگىلىك ماددىي شەكىل ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپسىمۇ، بىراق ئۇ بىر خىل توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان جانلىق ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزۈشى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىنىدۇ. ھاياتلىق ئىچىدە داۋام ئېتىش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەكسىچە، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بولسا، قاتما، ھەرىكەتسىز ماددىلار ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى «ھەرىكەتسىز ھالەتتىكى مەدەنىيەت مىراسى» دەپ ئاتىساق، ئۇنداقتا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «جانلىق مەدەنىيەت مىراسى» دەپ ئاتىغاندا، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن بولىمىز.

پۈتكۈل جەمئىيىتىمىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئومۇميۈزلۈك ئېتىبار بېرىۋاتقان ۋە جەمئىيەتتە مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، بىز سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، زامانىۋى سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، ھازىرقى زامان قاتنىشىنىڭ مىسلىسىز قۇلايلىشىشى، كومپيۇتېرنىڭ تېز ئومۇملىشىشى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەھەرلىشىشى، ساياھەت كەسپىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئېلىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. قوغداش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا مۇشكۈل. ئىنسانلار يېڭى مەدەنىيەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە، قىممەتلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ئىلمىي، قېلىپلاشقان، قانۇنلاشقان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشقان قىلىش ئۈچۈن، بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن خىلمۇخىل نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلەرنى خۇلاسىلەش ۋە بۇ مەسىلەرگە پىكىر يۈرگۈزۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قىممىتى نەدە؟ ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق زور كۈچ بىلەن قوغداشنىڭ ئەھمىيىتى زادى نەدە؟ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە تەبىئەت مىراسلىرى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت مىراسلىرى، تەبىئەت، مەدەنىيەت بىر گەۋدىلەشكەن مىراسلار قاتارلىق كۆپ خىل مىراس تۈرىنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلمىي تۈرگە ئايرىشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟ ئېلىمىزنىڭ مول ۋە خىلمۇخىل بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانداق قىلغاندا قارىغۇلارچە، ھەتتا ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك قوغداشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلەر نۆۋەتتە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە نەزەرىيە جەھەتتىن جىددىي جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلەردۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ۋاڭ ۋېنجاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.

2. جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى تۈزگەن: «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈش قوللانمىسى»، مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.

3. ئىشىگاۋا ماسائو، خوندا ياسۇجى تۈزگەن: مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن لېكسىيە «ياپونىيىنىڭ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى توغرىسىدا»، قانۇن ـ نىزاملار بىرىنچى نەشرىياتى «پاي چەكلىك شىركىتى»، 1976 ـ يىل نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىق قىلىش مەركىزىدە مەدەنىيەت پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# تويۇق مەشرىپى




ئوت، ئورمان، سۇ قوغلىشىپ، ئەجدادلارنىڭ تارىخىي مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كۆچمە ياشىغان لوپنۇر خەلقى — ئۇزاق يىللىق تارىختىن بۇيان ئۆز ئارا ئىلىك بېرىش، تويۇق تۇتۇپ ئويناش قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلار ئارقىلىق مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىپ كەلگەن.

**ئىلىك بېرىش:** ئىلىك دېگەن قوينىڭ ئالدى قولى. بۇنى ئويناش ئۇسۇلى: ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىچىدە بىر ئادەمگە ئىلىك تۇتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا داستىخان سېلىپ، چاي، گۆش ئېلىپ كەلگەندە، قوينىڭ ئالدى قولىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ، مېھمان ئۇ گۆشنى يەپ بولۇپ، ئۇستىخىنىنى بېسىپ سۇندۇرىدۇ، سۇندۇرۇۋەتسە، ئۆي ئىگىسى ئۇتتۇرغان بولىدۇ، يەنە بىر قېتىم چاي قىلىپ بېرىدۇ. سۇندۇرالمىسا، مېھمان ئۇتتۇرغان بولۇپ، بىر قېتىملىق چاي ئارتىلىپ قالىدۇ. مېھمان بىر كۈننى تاللاپ، چاي قىلىپ، ئارتىلىپ قالغان چاينى قايتۇرىدۇ، سورۇن ئەھلى كېلىشىدۇ - دە، ئىككىنچى قېتىملىق ئىلىك چاي سورۇنى ئاياغلىشىدۇ، بۇنى بەزى ئاياللارمۇ بېسىپ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ، بۇنى ئىلىك بېسىش دەيمىز.

**تويۇق تۇتۇش ئويۇنى ۋە تويۇق مەشرىپى:** تويۇق قوينىڭ ئالدى قولىنىڭ ئۇستىدىكى بوختاق گۆشنىڭ ئىچىدىكى بوختاق ئۇستىخانغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ باش مىرىگىچىلىك ئۇستىخان. بۇنى تويۇق دەپ ئاتايمىز. ئويناش ئۇسۇلى: ئۆيگە مېھمان كەلسە ياكى كۆڭۈلدىكى ئادەمنى مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا تويۇق تۇتماقچى بولسا، بوختاق گۆش ئىچىدىكى تويۇق ئۇستىخانىنى چىقىرىپ، گۆشنى پىچاق بىلەن قىرىۋېتىپ، كېيىن تونۇيالماي قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مىخ قېقىپ ياكى سىم يۆگەپ، يەنە گۆشنىڭ ئىچىگە تىقىپ، باشقا گۆشلەر بىلەن ئوخشاش قازاندا پىشۇرغاندىن كېيىن، لېگەن ياكى تەڭلىگە ئۇسسۇپ ئەپچىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ، مېھمان گۆشنى يەۋېتىپ ياكى يەپ بولۇپ تويۇق بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر ئېيتمىسا، ساھىبخان مەن سىزگە تويۇق تۇتتۇم دەيدۇ. سورۇن ئەھلى تويۇق ئويناشنىڭ قائىدىسىنى سۆزلەپ، ساھىبخان تويۇقنى قاچان، قەيەردە، قانداق شارائىتتا سورىسا، شۇ ھامان چىقىرىپ بېرەلىسە، ئۇتىدىغانلىقىنى، چىقىرىپ بېرەلمىسە، ئۇتتۇرىدىغان بولىدىغانلىقىنى، ئۇتتۇرۇۋەتسە مەشرەپ قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇتتۇرۇۋەتكەن كىشى تويۇقنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى تېشىپ بوينىغا ئېسىۋالامدۇ ياكى يانچۇقىدا ساقلامدۇ، ئىشقىلىپ سورىغان ھامان چىقىرىپ بېرەلەيدىغان قىلىپ ساقلاپ يۈرىدۇ، بۇنى تويۇقنى ئويناش دەيمىز، بۇ ئويۇن تا ھازىرغا قەدەر ئايرىم جايلاردا ئوينىلىۋاتىدۇ، كېيىنمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن.

(ئاپتور: باينغولىن ئوبلاستلىق خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# هۇرۇنلۇقتىن پادىشاھلىقىچە

(چۆچەك)

مەلۇم شەھەرنىڭ پادىشاھى كۇن-لەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپتۇ. كېتىپ بارسا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا 14، 15 ياش-لاردىكى بىر چىرايلىق بالا ئوڭدا ياتقۇ-دەك. پادىشاھ «مەندەك پادىشاھ كەل-سەممۇ بۇ بالا قوپماي ئوڭدا ياتىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ۋەزىرلىرىدىن:

— نېمە ئادەم بۇ؟ — دەپ سو-راپتۇ.

— بۇ ھۇرۇن، دائىم شۇنداق يا-تىدۇ. بىر ئادەم بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپ-كە ئۆرۈپ قويمىسا ئۆرۈلمەيلا ياتىدۇ، ئۇن كۈن ئاچ قالسىمۇ يېنىدىكى تاماق-نى ئۆزى ئېلىپ يېمەيدۇ، — دەپتۇ ۋە-زىرلەر.

— ئۆزى ساقمۇ - قانداق؟ — يەنە سوراپتۇ پادىشاھ.

— ساق.



— ھۇرۇن بولسىمۇ ياش بال-كەن، مېنىڭ سايەمدە كۈن كۆرۈپ قالسۇن. چار بېغىمغا باشلاپ بېرىپ بىر سۆرۈن جايدا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، — دەپ پادىشاھ يولغا راۋان بوپتۇ. ۋە-زىرلەر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ھۇرۇننى چارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر كۈنى بىر لىگەن پولۇ بىلەن قوينىڭ گۆشىنى بېرىپ ياخشى بېقىپتۇ. ھۇرۇن شۇ يېمەكلىكلەرنىمۇ يېگۈزۈپ قويمىسا يېمەيدىكەن. بەش - ئون كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر بالا كەپتۇ. ئۇ ۋە-زىرگە «مەنمۇ ھۇرۇن ئىدىم» دەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ «ئۇنىمۇ بېقىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ھۇرۇن-لار ئارقا-ئارقىدىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپ چارباغدىن كېلىۋاتقان غەۋغا-



نى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇئان ۋەزىردىن:

ــ باغدىكى نېمە غەۋغا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سىلى ھازىر بېقىۋاتقان ھۇرۇنلار 1500 گە يەتتى. بۇ شۇلارنىڭ غەۋغاسى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

ــ ئۇنداق بولسا تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقلىنى چاقىرىڭ، ــ دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقلىنى چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

ــ تۆمۈردىن بىر ئۆي ياسايمىز. ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق مېتىر، كەڭلىكى قىرىق مېتىر بولسۇن، ھەر تېمىغا ئوندىن ئىشىك قويۇڭ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن باغقا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشىكلەرگە كورەك ئورنىتىڭ، ــ دەپتۇ.

ئۆي پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ ھەممە ھۇرۇنلارنى ئەكېلىپ شۇ تۆمۈر ئۆيگە سولىتىپتۇ. پادىشاھ ئوت قالاپ كورەكنى بېسىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ھۇرۇنلار تۆمۈر ئۆيگە ئوت يېقىلىپ كورەك بېسىلغاندىن كېيىن تۆمۈر ئۆي قىزىپ ھۇرۇنلار جېنىدىن تويۇپتۇ. ۋەزىر:

ــ پادىشاھى ئالەم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بۇ ھۇرۇنلارنى ساۋاب بولسۇن دەپ باقتۇق. ئەمدى ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ كۆيدۈرسەك بۇنىڭ قىساسىنى كىم تارتىدۇ؟ بۇنىڭدىن كورە ئىشكنى ئېچىۋەتسەك، ھۇرۇنلار جاي ـ جايلىرىغا كەتسە بولمامدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ماقۇل، ئىشىكنى ئېچىڭلار، ــ دەپتۇ پادىشاھ. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن ھۇرۇنلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

ــ قاراپ بېقىڭ، ئۆيدە ئادەم بارمۇ ـ يوق؟ ــ دەپتۇ.

ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئىككى ئادەم ياتقۇدەك. بىرسى يەنە بىرسىگە «بەدىنىم كۆيۈپ يېغىم ئاققىلى تۇردى. ئەمدى خۇداغا تۇۋا قىلىۋالمايلىمۇ» دېسە، يەنە بىرسى «مېنىڭ بېقىنىم پىژىلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. ماڭا ھازىر خۇداغا تۇۋا دېگىلىمۇ خوش ياقمايۋاتىدۇ. مەن بۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلالمىغۇدەكمەن» دېگۇدەك. ئۇلارنىڭ بىرسى قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرسى كۆزىنى پارقىرىتىپ بەخىرامان يېتىپتۇ. ۋەزىر قارىسا ھۇرۇننىڭ چاپىنى كۆيۈۋاتقۇدەك، بېقىنىنىڭ يېغى ئېرىپ تۆمۈرگە ئېقىۋاتقۇدەك، ھۇرۇن بولسا چاپاننى سىلكىۋېتەيمۇ دېمەي ياتقۇدەك.

ــ پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ ۋەزىر، بىز يولدا كۆرۈپ دەسلەپ ئەكەلگەن ھۇرۇن تېخى ياتىدۇ.

ــ ئېلىپ چىقىڭلار، ــ دەپتۇ پادىشاھ ۋە «كىمكى مۇشۇ ھۇرۇننى ئىشقا سالسا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ جاكا قىپتۇ. بىراق ھېچكىمنىڭ بۇ ھۇرۇننى ئىشقا سېلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرىنى چاقىرىپ:

ــ سىزگە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، مۇشۇ ھۇرۇننى ئىشقا سالسىڭىز پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرەي، ئەگەر ئىشقا سالالمىسىڭىز كاللىڭىزنى ئالىمەن، مال ـ دۇنيالىرىڭىزنى مۇسادىرە قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر ياق دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. ئەمما، «گۆشى كۆيۈپ كەتسە غەم قىلمىغان ئادەم قانداقمۇ ئىش قىلسۇن» دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئارىدىن بەش ـ ئون كۈن ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئۆز ئەجىلى بىلەن قاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ 15 ياشلارغا كىرگەن بىلىملىك، زېرەك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز دادىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ غېمىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ دادىسىدىن:

ــ دادا ئولتۇرساڭمۇ، قوپساڭمۇ غەمدىلا يۈرۈيسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ قىزىم، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، ــ دەپتۇ ۋەزىر.

بىراق قىز:

ــ سەن مېنىڭ دادام، بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشكەن بولسا ماڭا دېگىن. قولۇمدىن كەلسىلا مەن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر قىزغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قىز:

ــ دادا، خاتىرجەم بول، بۇ ئىشقا باش قاتۇرما، سەن مېنى ئۇ ھۇرۇنغا خوتۇنلۇققا بەرگىن، مەن بارغاندىن كېيىن قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ــ دەپتۇ، بۇ گەپكە ۋەزىرنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:

ــ قىزىم، شۇنداق ئەرگە تەگكىڭ كېلىپ كەتتىمۇ؟ سېنى ئەرگە چىقارغىم بولسا، بۇ ھۇرۇنغا بەرمىسەممۇ، باشقا ئەر تېپىلىدىغۇ؟! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ دادا، ــ دەپتۇ قىز مېھرىبانلىق بىلەن، ــ باشقا

نېمە ئامال بار؟ مېنىڭچە، ھۆرۈننى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ۋەزىر قىزنى ئامالسىزلىقتىن ھۆرۈنغا بېرىپتۇ. توينى قىلىپ قىزنى ھۆرۈننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى قىز بىلەن بىللە بارغانلارمۇ قايتىپ كەپتۇ. قىز ھۆرۈن بىلەن يالغۇز قاپتۇ. بىراق ھۆرۈن كۆزنى پارقىرىتىپ مىدىرلىماي يېتىۋېرىپتۇ. قىز گۈزەل، شوخ بولغاچقا ھەر خىل ئامال - چارە بىلەن ئاخىر ھۆرۈننى ئۆزىگە مەھلىيا قىپتۇ. ئەتىسى قىز ھۆرۈننى ئورنىدىن قوپۇرۇپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. داستىخان ئەكېلىپ، ھۆرۈننى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ چاي ئىچىرىپتۇ. بۇ خىل مەشغۇلات بىر نەچچە كۈن داۋام قىپتۇ. ئاخىر قىز ھۆرۈننى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— دادام، كۈندە بىزگە تاماق چىقارتىپ بېرىۋاتىدۇ، بىز يەپلا يېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ بەش ئەزايىمىز تولۇق، تېنىمىز ساق تۇرسا، بىر كۈنلىرى دادام مىننەت قىلىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسەك بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ ھۆرۈن.

— سىز كوچىغا چىقىپ مەدىكار ئىشلەڭ، — دەپتۇ، — قىز — دادامنىڭ ئۆيىدە بىر كەتمەن بار. ئۇنى ئادەتتىكى ئادەم كۆتۈرەلمەيدۇ، سىز بىر ئامال قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىڭ.

ھۆرۈن ماقۇل بوپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. كەتمەن بىر ئىچكىرى قازناقتا ئىكەن. ۋەزىر ئۇن ئادەم باشلاپ كىرگەن ئىكەن، كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقالماپتۇ. ھۆرۈن ئۆزى يالغۇز كەتمەننى دەس كۆتۈرۈپ، مۇرىسىگە سېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— بىركىم سورىسا «تۆت تەڭگىگە ئىشلەيمەن» دەڭ، كۈنىگە تۆت تەڭگە بەرسە ئىشلەڭ، بولمىسا قايتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ قىز.

ھۆرۈن كەتمەننى مۇرىسىگە سېلىپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. ھەممەيلەن بۇنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپ كۆرۈپ ئىشقا ئالماپتۇ. ئەمما بىر سودىگەر كېلىپ ھۆرۈندىن:

— ئاشۇ كەتمەننى ئۆزۈڭ چاپالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاپىمەن، — دەپتۇ ھۆرۈن.

— ئۇنداق بولسا يۈر، تۆت تەڭگىنى مەن بېرەي، — دەپتۇ سودىگەر.

سودىگەر ھۆرۈننى بېغىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قارىسا باغنىڭ ئىچىدە يوغان بىر دۆڭ، بىر پۇتەي ئارىلىقتا بىر ئازگال تۇرغۇدەك.

— مۇشۇ دۆڭنى ئاشۇ ئازگالغا توشۇيمىز. ئازگالنى تىندۇرىمىز. قىلىدىغان ئىش مۇشۇ. مەن دۇكانغا بارىمەن، ساڭا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق. ئۆزۈڭنى - ئۆزۈڭ بىلىپ قىلارسەن، — دەپتۇ سودىگەر ۋە ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ دۇكانغا كېتىپتۇ. ھۆرۈن دۆڭنى كەتمەن بىلەن بىراقلا ئازگالغا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىش قىلىپ باقمىغاچقا ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەتىگەندە باشلىغانچە كەچكىچە ئىشلەپتۇ. دۆڭ ئازلا قاپتۇ. «ئالتە ئايدا تۈگىتەرمەن» دەپ پىلانلىغان ئىشنىڭ تېزلا تۈگەپ قالغىنىنى كۆرگەن ھۆرۈن ئۆز - ئۆزىدىن خۇرسەن بوپتۇ. سودىگەر باغنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يىگىتنىڭ ھەر بىر ئاتقاندا بىر پاتمان كەلگۈدەك توپىنى شۇنچە يىراققا ئېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ھارماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بوپتۇ - دە، قايتىپ بېرىپ بىر قوينىڭ گۆشىنى باستۇرۇپ پولۇ سالدۇرۇپتۇ. ھۆرۈن ھېلىقى پولۇنى موك سايتۇ. «ئىشنىمۇ قىلىدىكەنسەن، ئاشنىمۇ يەيدىكەنسەن، يارايدىكەنسەن» دەپ ئويلاپتۇ، سودىگەر ۋە:

— بۇگۈنكى ئىش ھەققىنى بۈگۈن ئالامسەن ياكى ئەتە ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۈگۈنكىنى بۈگۈن ئالىمەن، — دەپتۇ ھۆرۈن، سودىگەر ئۇنىڭغا ئىشتان، كۆڭلەك، چاپان، دوپپا، ئاياغ، بېلىگە باغلىغىلى ياغلىق ۋە تۆت تەڭگىنى بېرىپ يولغا سېلىپتۇ. يىگىت خوتۇنىنىڭ تاپىلىشى بويىچە، قايتىشىدا كەتمەننى مۇرىسىگە سېلىپ پادىشاھنىڭ راۋىقىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايال دەرھال چىقىپ ئېرىنى كۈتۈۋاپتۇ. يۈز - كۆزىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپتۇ. شوخلۇق قىلىپ بىر نەچچىنى سۆيۈپمۇ قويۇپتۇ. ئاندىن ئېرىنىڭ ئالدىغا چاي ئەكىرىپتۇ. ھۆرۈن ئايالىغا قايىل بولۇپ، ئىش ھەققىنى ئايالىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ ئەتىسى يەنە ئىشقا بېرىپتۇ. سودىگەر ھۆرۈندىن:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— 15 ياشقا.

ــ مەن كۆنلىگىگە 16 تەڭگە بېرەي، مەن سوددگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن سرتقا چقماقچى ئىدىم، بالام يوق. مەن بىلەن بىللە ماڭساڭ قانداق، ــ دەپتۇ سوددگەر.

ــ بۇنىڭغا ماقۇلمۇ، ياقمۇ دېيەلمەيمەن. ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي، ــ دەپتۇ هۇرۇن.

هۇرۇن كەچلىك تاماقتىن كېيىن سوددگەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ سوددگەر بىلەن بىللە بېرىشىغا قوشۇلۇپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ.

ــ مېنىڭ مۇنۇ گەپلىرىم ئېسىڭىزدە بولسۇن: 400 ئادەم 20 كۈن ماڭسىلەر، يەيدىغان، ئىچىدىغانىنى ئېلىۋالسىلەر، سىلەر ماڭىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆللۈك. 20 كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن سۇيۇقلار تۈگەيدۇ. بىر قۇدۇق بېشىغا بارسىلەر، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن چېلەك تاشلايسىلەر، سۇ چىقمايدۇ، ھەممىڭلار يىغا ـ زار قىلىشىسىلەر، قايتىپ كېتەيلى دېسەڭلار، يەنە 20 كۈن يول مېڭىشىڭلار كېرەك. ھەممە تەرەپ 20 كۈنلۈك يول. مۇشۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋېلىشتىن باشقا چارە يوق. سىلەر ئامالسىزلىقتىن سۇ چىقىپ قالارمىكىن دەپ بىر ئادەمنى بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈسىلەر. قۇدۇققا چۈشكەن ئادەمنى تارتىپ ئالغىنىڭلاردا ئۇنىڭ كاللىسى يوق چىقىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ. بىر قانچە قېتىمدىن كېيىن نۆۋەت سوددگەرگە كېلىدۇ، ئۇ قۇدۇققا چۈشۈشتىن بۇرۇن سىزگە «ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم بارلىق تەئەللۇقۇم سىزگە تەۋە بولسۇن، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆل كولىتىپ، مەسچىت سالدۇرۇپ ۋەخپە قىلىڭ. خوتۇن ـ بالىلىرىمغا ياخشى قاراڭ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ» دەپ جېكىلەيدۇ. شۇ چاغدا سىز «مەن سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز، قۇدۇققا مەن چۈشەي، ناۋادا مەنمۇ ئۆلۈپ قالسام، ئاندىن سىز چۈشسىڭىز مەيلى، بىراق مەن ھايات تۇرۇپ سىزنى قۇدۇققا چۈشۈرمەيمەن، سىز ماڭا ئاش ـ نان بەردىڭىز، ياش بولغاندىكىن مەن چۈشەي» دەڭ، سوددگەر بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلىدۇ. باشقىلار قۇدۇققا بېلىنى باغلاپ پۇتىچە چۈشكەن بولسا، سىز پۇتىڭىزدىن باغلاپ، بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىپ چۈشۈڭ، قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ، ئىشىكنى ئاچسىڭىز بىر باغ كۆرۈنىدۇ. شۇ ھامانلا قاپقارا بىر دىۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. سىز 39 ئادەمنىڭ بېشىنى ياندىكى كانارغا قاتار ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرىسىز. كۆزىڭىزگە يەنە بىر راۋاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قىز كۆرۈنىدۇ. قىزنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كېنىزەكلەر بار. دىۋە سىزنى چېپىشقا تەمشەلگەندە قىز ئۇنى توختىتىۋالىدۇ ۋە سىزنى ئالدىغا ئەكىلىشنى بۇيرۇيدۇ. دىۋە سىزنى قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. سىز قىزنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇرىسىز. قىز: «سىلەر جېنىڭلاردىن تويغان ئادەممۇ؟ ئالدىڭلاردا چۈشكەن ئادەم ئۆلۈك چىقسا قۇدۇققا يەنە چۈشتۈڭلارغۇ؟» دەپ سورايدۇ. سىز: «ئەي مەلىكە، بىز 400 ئادەم سۇسىز قالدۇق. قۇدۇققا چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلۈپ تۈگەشىمىز. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ بېقىشنى لايىق تاپقان ئىدۇق» دەيسىز. قىز يەنە: «ئۇنداق بولسا ھەممە كىشى بېلىنى باغلاپ چۈشسە، سىز نېمىشقا تەتۈر چۈشۈسىز؟» دەپ سورايدۇ. سىز: «قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ھەرقايسىلىرىدەك مەلىكىلەر، شاھزادىلەر بولسا پۇتۇم ئۇلارنىڭ يۈزىگە بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھۆرمەت قىلىپ، بېشىمچە چۈشتۈم. سىزگە ئايالىم گۈلجەمىلە سالام ئېيتتى» دەڭ. شۇ چاغدا مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سەر ئالتۇننى بېشىڭىزدىن چاچىدۇ ۋە «گۈلجەمىلە دېگەن قىزدىن ئايلىناي، ئۇ ھازىر نەدە؟» دەپ سورايدۇ. سىز مېنىڭ بار جايىمنى ئېيتىپ بېرىسىز. قىز سىزگە پادىشاھلىق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ئۆزىنى نىكاھىڭىزغا ئېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ مەندىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق، يېشىمۇ 15 تىن ئاشمايدۇ. سىز قىزنى ئالىسىز. قۇدۇقتىن چىقىسىز. ھەممە سوددگەر سىزگە سالام قىلىدۇ ۋە: «ھەممەيلەن قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈك چىقسا سىز پادىشاھ بولۇپ چىقىپسىز» دەپ سورايدۇ. سىز: «مەن ئەدەپلىك بولغىنىم ئۈچۈن پادىشاھ بولۇپ چىقتىم» دەيسىز. شۇنىڭ بىلەن قىز قىرىق تولۇمدا سۇ چىقارتىپ بېرىدۇ. سۇنى ئۇلار بىلەن بىللە ئىچىسىز. ماڭغان چاغدا قىز سىزگە: «باغدادقا بارغان ۋاقتىڭىزدا ۋە قايتىش يولىڭىزدا دۆلەتمەن بولۇسىز. سىز دۆلەتمەن بولغاندا قۇدۇقتا ياتقان مەندەك ئاياللىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دەپ، لېۋىڭىزگە

لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ ئۈزۈتىپ قويىدۇ. باشقىلار سىزگە ھۆرمەت قىلىدۇ. سىزگە ئۆز ماللىرىدىن زاكات بېرىشىدۇر سىز باي بولۇسىز. لېكىن مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىشلەڭ. باغداد پادىشاھىنىڭ 16 ياشتا بىر قىزى بار، ئۇ ساھىبجامال، بىراق ئىككى كۆزى كۆرمەيدۇ. سىز باغدادقا چۈشكەن كۈنى «ھەرقانداق كىشى شاھنىڭ قىزىنىڭ كۆزىنى ساقايتسا، پادىشاھ شۇ كىشىگە قىزىنى ۋە پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ» دېگەن جاكارنى ئاڭلايسىز. سىز: «قىزنى مەن ساقايتىمەن» دەڭ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھ سىزگە ھەممە گەپنى دەيدۇ. قىزنىڭ قېشىغا باشلايدۇ. سىز قىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە قىزنىڭ قۇچىقىدا بىر قارا مۈشۈكنى كۆرۈسىز. ئىشىكتىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كىرىسىز ـ دە، سول قولىڭىزدا مۈشۈكنى تۇتۇسىز، ئوڭ قولىڭىزدا مەن بەرگەن مۇنۇ پىچاق بىلەن مۈشۈكنى بوغۇزلاپ، قېنىنى قىزنىڭ كۆزىگە تېمىتىسىز. قىزنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. مۈشۇ پىچاقتىن باشقا ھەرقانداق پىچاق مۈشۈكنى بوغۇزلىيالمايدۇ. قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز. تويدىن كېيىن شاھ پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرىدۇ. پادىشاھنىڭ بېغىدا ئىككى كۆل بار. بىرى ئالتۇن بىلەن، بىرى كۈمۈش بىلەن ياسالغان. ئىككىلىسىدە سۇ بار. ئىككى چاق بار، ئوڭدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز كۈمۈش كۆلنىڭ سۈيى ئالتۇن كۆلگە چىقىدۇ. سولدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيى كۈمۈش كۆلگە چىقىدۇ، سىز ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتسىڭىز كۈن چىقىش تەرەپتە تاغ باغرىدا بىر يول كۆرۈنىدۇ. شۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز ھەزرىتى ئىسكەندەردىن قالغان خەزىنىگە بارىسىز. سىز خەزىنىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاھقا تاپشۇرۇڭ. پادىشاھ بۇ ئالتۇننى ئالمايدۇ. ئۇنى سىزگە بېغىشلايدۇ. سىز بۇ ئالتۇننى شەھەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىڭ. پۇقرالار تۆلەيدىغان باجنى سىز ئاشۇ ئالتۇن بىلەن تۆلىۋېتىڭ. شەھەردىكى بارلىق غېرىب ـ مۇساپىرلارنى تەمىنلەڭ. بۇ ئالتۇن ناھايىتى جىق بولغاچقا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل يېتىدۇ. ئاخىرىدا پادىشاھ ئاغرىپ قالىدۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ «مەن ئاغرىپ قالدىم. ساقىيىشىمدىن ئۈمىد يوق. شۇڭا ئورنۇمغا بىر ئادەم پادىشاھ بولسا، مېنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق» دەيدۇ. سىز يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىڭىز، ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ھەممە كىشى سىزنى پادىشاھلىققا سايلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ۋاپات بولىدۇ. سىز پادىشاھلىق تاجىنى كىيىسىز، يۇرت سورايسىز، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىسىز. ئەنە شۇ چاغدا غېرىب ۋە يوقسۇل چاغدا ئالغان مەندەك ئايالىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم زادىلا سۇۋۇپ قالمايدۇ.

ئايال سۆزىنى تاماملاپ ئېرىنى بىرنى سۆيۈپ يولغا سالپتۇ. ھۆرۈن يولدا ياخشى خىزمەت قىپتۇ. 20 كۈن ماڭغاندىن كېيىن دېگەندەك بىر قۇدۇققا يېتىپ بېرىپتۇ. ھۆرۈن ئىشلارنى ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

بوغۇزلاپ قېنىنى باغداد شاھىنىڭ قىزىنىڭ كۆزىگە تېمىتقان مۈشۈك ئەسلي دىۋە بولۇپ، قىزغا ئاشىق ئىكەن. قىزنى ئېلىپ قېچىپ كويىقاپقا ئېلىپ باراي دېسە ئۆزىدىن چوڭ دىۋىلەرنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان. مۈشۈك سىياقىغا كىرىۋېلىپ قىزنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قىزنىڭ جامالىدىن ھۇزۇرلانغانىكەن.


ھۆرۈن قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتقاندىن كېيىن پادىشاھ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ قىزنى يىگىتكە بېرىپتۇ. پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنىمۇ بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارمۇ خۇددى ھۆرۈننىڭ ئايالى ئېيتقاندەك بوپتۇ. پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۆرۈن پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ ۋە خەلقنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئايالىنى ئەسلەپ، ئايالى بار شەھەرگە بارماقچى بولۇپ تەييارلىق كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەرمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا قارايدىغان بولغان ئىكەن. ئەل ـ يۇرت ئۇنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھۆرۈن ئوردىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپلا قەدىمي ئۆيىگە كەپتۇ، خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

ھۆرۈن مانا شۇنداق قىلىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئەلنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سوراپ بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى دۇكاندىن: ھوشۇر قادىر)

# كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى

ن. ف. كاتانوف (روسىيە)





### تەمسىللەر

(ھاجى تاھىربەك، قومۇل، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)

ياخشى ئاتا بالىسى غېرىب بولۇر، قۇل بولماس؛
بۇغۇ ـ مارال تېرىسى قېيىش بولۇر، كۆن بولماس.
يۈگنى يوق ئات مىنسەڭ ئۈچۈرۈر،
قۇل بىرلان قۇيماق يېسەڭ قۇستۇرۇر.
پەتەر ناننى يەپ تويۇۋال، كىشى تۇيماسۇن؛
يىگىت قالاش بولسا بولسۇن، قەرزى بولماسۇن!

كانتو ئۆزىنى يەر، ئەپيار كىشىنى يەر!
تۇرپى زىننەتلەر قىلۇر، قېرى خوتۇن ياش بولماس،
مىدەنىڭ قۇگگېتى يوق؛ مانتو پولو ئاش بولماس.
قېرىلار يانى تارتار، ئوق ئاتالماس؛
مەگەرچە ئاتسا ئوق يەرگە قادالماس.
قېشىدا ياتسا بىر نازىنگۈل،
بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىر سۆز قاتالماس.
دۇنيا قويلاغان ھارماس،
قىز ئالغان قېرىماس.
قارغا چوقۇپ يەر،
موللا ئوقۇپ يەر.
يېزىنىڭ موللىسى بولغۇنچە شارىنىڭ قارغىسى بول!
يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇنچە، ياخشىنىڭ گادايى بول!
كەسپە قىلماغان ئەر پېقىر بولۇر؛
توقۇم يۇپقا بولسا، ئات يېغىر بولۇر.
قاش قاراسى بولماسا، قاشقار دېگەن قانچا يىراق؟!
باجا ئۇرۇق بولماس،
ساندۇق قورۇق بولماس.
يېتىم بالىدىن پۇل ئالماق ــ پەتەر ناندىن قىل ئالماق (مۈشكۈل).
تېبىپ نەشتىرى ئەتتىن ئۆتەر،
تىلنىڭ نەشتىرى جاندىن ئۆتەر.
باي بايغا باقۇر، سۇ ئويغا ئاقۇر.
ئالسا پۈتەر، سالسا ئىتەر.
كۆنە چاپانىنىڭ پىتى تولا،
باي كىشىنىڭ ئىتى تولا.
ئۈجمە لوڭلوڭ، ئۈجمە لوڭ،
ئۈجمىنى قاقسام بەرى توڭ؛
پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ،
پۇلى يوقنۇڭ گېپى توڭ.
ئاغرىق ئاشتىن كېلەر، بالا قېرىنداشتىن.
كېڭەشلىك ئىش ئاردىماس،
كەڭ ئېگىن ئۈپرۈماس.
ئادەمنى يۈرۈتكەن كۆز، تەمنى تۈزەگەن تۇز.
بىلمىسىز بىرلەن بولغۇچە بوي يۈرۈسەڭچۇ ئۆلگۈچە!
قاغاز نېپىز نېمە چەكسە تېشىلۇر؛
ئەدەم ئاجىز نېمە، خىجالەتتە پىشلۇر!
ئاتنى ياپاندا كۆرمە، ئەرنى چاپاندا!
ئات ئورۇقلۇقتا، ئەر غېرىبلىقتا (بىلىنەدۇ).



ئەر ئەرگە تۇش، يولبارس تاققا تۇش.
ئۆزنىڭ لەززىتى ئۆز بىرلەن،
تائامنىڭ لەززىتى تۇز بىرلەن.
ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، يەنە بىرنى شىر بىل!
دۆلەت قونسا چىبىننىڭ بېشىغا،
سىمۇرۇغ كېلۇر ئۇل چىبىننىڭ قاشىغا.
دۆلەت كەتسە كىشىنىڭ باشىدىن،
گۇيا كەلمەس ئۇل كىشىنىڭ ئۇرۇق- تۇققان، قېرىنداشىدىن.
قىستاغان كېپىشتىن يالاڭ يۈرۈگەن ياخشى؛
كۆڭۈل ئاغرىتقان خوتۇندىن بوي يۈرۈگەن ياخشى!
ھەر كىم قىلسا يامانلىق، ھەرگىز تاپماس ئامانلىق.
1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى
گەپنى قىلساڭ بېقىپ قىل، تامغا قۇلاق يېقىپ قىل!
سەبرى قىلساڭ، سەبرىدىن ھالگا پۈتەر؛
بىسەبرى كىشى ئۆز ئاياغىدىن ئىتەر.
يارىمنىق تىللىگنى تىللادۇر،
ياندۇرۇپ تىللىگنى تەيتۇللادۇر.
يارىمغا سالام قىلسام ياقمىدى؛
بىمەھەل گاختا قىلغان سالامىم خوش ئاقمىدى!
ياخشىدا دىماق بولماس، تېقىدا ياماق بولماس.
ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي!
چىتە بېشىدا بۆركۈڭنى قوي!
يېڭى بايدىن سودا ئالما،
ئۆزۈڭنى تەڭلىككە سالما!
يېڭى باينىڭ ئۆزى يوق،
تۆگۈرمەنچىنىڭ قىزى يوق.
ئاتاڭ مىراپ بولغۇچە، يېرىڭ باش بولساچۇ!
موللىنىڭ يوقىدا — موللا، موللىنى كۆرگەندە —
يولدا.
يىغاچ يۇمشىغىنى بوبۇن يەر،
ئەدەم يۇمشىغىنى ئەدەم يەر!
ئامانەت ساقلاساڭ تۆلەرسەن؛
ياڭ يەردە ئۆي سالساڭ ئۆلەرسەن!
ئوغلان كىچىگىدىن، تېرىق قۇلۇغىدىن.
يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەكسە،
بېشى ئېنىڭ تاشقا تەگەر.
تار يەردە ئاش يېگۈچە كەڭ يەردە مۇش يە!
ھالگىنى كىم يەر؟ ھېكىم. تاياقنى كىم يەر؟ يېتىم!
ئالتۇن ئېغىرلىغىدىن بال تومۇر،
ئۆپكە يېڭىللىغىدىن غارغۇرۇر.
ئۆز يامانىڭدىن قالما! كىشىنىڭ ئارزۇسىنى يەمە!
بەڭگىنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى يوق.
دىگانىنىڭ مازار بىرلەن ھېچ بىر گاختا ئىشى يوق؛
تۆگەنىڭ بازار بىرلەن ھېچ بىر گاختا ئىشى يوق!
بازار كۆركى باققالدۇر؛ يىگىت كۆركى ساقالدۇر.
ئون ئۆينىڭ قۇرۇغ ئۇنى بىر ئۆيگە ئاش بولۇر؛
ئون ئۆينىڭ ھەممىسىگە قېرى خوتۇن باش بولۇر.
نېسىيەت كارا قىلماس يۇمشاق ئەمەس قاتقان باشقا،
يامغۇر كارا قىلماس خەت پۈتۈلگەن قاتتىق تاشقا!
گەرچە زىندان ئىچرە بولغىل ياخشى خىيال ئاقىل بىرلەن!
گەر چەمەندە بولمىغىل ئىش بىلمەگەن نادان بىرلەن!
باش نەردىن كېتەر؟ تىلدىن!
تىل نەردىن كېتەر؟گالدىن!
نادان دوستتىن زېرەك دۈشمەن ياخشى!
نادان بولغاندىن يالغۇز ئۇسۇرغان ياخشى!
«ئايلىمدا قويدى» دەپ يېمە!
«ئاغزىمغا كەلدى» دەپ دېمە!
تۇغۇلماغۇچە بالا بولماس،



2009 . 1




باقماغۇچە كالا بولماس!
ياخشىلىقنى سۇغا سال!
يوققىرى بېرىپ تۇتۇب ئال!
سۇغا سالسا، — سۇ كۆتەرمەس بىر مىسقال ئالتۇننى!
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس يانغان كۆڭۈلنى!
چېقمچىغا بەگ ئېمراق، شاتراقچىغا ئىت ئېمراق!
پاراڭ سالغىلى يات يەر ياخشى؛
شاتراق ئۇرغىلى يان يەر ياخشى!
ئادىمدىن ئادىمنىڭ پەرقى بار،
ھەر ماتانىڭ ھەر ماتادىن پەرقى بار
1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى
ھەر كىشى ئۆز غېمىدا، قېرى قىز ئەر غېمىدا.
ئېگىز كىشى — ئاخماق، پاكار كىشى — چاقماق.
بىر ئىت كۆرۈپ قاپۇر، مىڭ ئىت ئاڭلاپ قاپۇر.
ئاتاماغان ئەردىن ئاتانغان دۆڭ ياخشى!
ئېشەككە نە ئۇلاڭ، نە قۇشقان؟
ئېشەك نە بىلۇر؟ نوقلى، ناباتنىڭ قەدرىنى؟
— بىر توربا سامان بەرسە،
شۇندا بىلۇر تويغىنىنى.
بۆلەك نەرسىنى ئېشەك بىلمەيدو.
ئېشەكنى مۇنازى قىلسا، ئوقۇرغا چىچىپتو.
يۆرگەكتە چېپىلغان كېسەل جان بىرلەن تەڭ چىقۇر.
پەلەككە قاراپ ھەمەكسىز قالدىم؛
خوتۇنغا قاراپ بالىسىز قالدىم.
ئېتىڭنىڭ بېرىدا يول تاپ!
پۇلۇڭنۇڭ بېرىدا يۈز تاپ!

تىشىڭنىڭ بېرىدا گۆش يە!
تىشىڭ تۆگەگەندە كۆشە!
تۆگىچە بويۇڭ بولغۇچە،
تىرماقچا ئەقلىڭ بولساچۇ!
سېخىدىن خىيانەت ئەجەپ؛
بېخىلدىن ديانەت ئەجەپ!
«ئېزىز بولاي!» دېسەڭ،
تولا دېمە! «سەت تاپاي!» دېسەڭ، تولا ياما!
تامدىن كىرەم تىللەمە! گادايدىن دىرەم تىللەمە!
ئۇششاقلار ئىشى نېمە بولماس؛
پىستە قوبۇزى كېمە بولماس!
ئۆزۈڭدىن كەم كىشىگە بولما ھەمدەم؛
ئېنىڭ مىغدارى ئارتىپ بولغايسەن — كەم!
قېتىلسا مەشك ئۇچۇن تۇپراقى يۇڭغا،
ئۆزىنى بەربات بەرگەي، قىيمەتى ھەم.
قىلدىم سۆزنى، ئاڭلا، قىل پەم!
ياخشىلار خىزمىتى قىل! بولسا بەھەم!

**تەمسىللەر**

(نايخان، تۇرپان لوگۇچەن، 1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)
ئاغرىماس بېشىمغا ئالتى تاياق!
[بىكار ئىشنى قىلغاندا.]
سىنى كىم قويدى ئېلىيار بەگنى «هارما!» دېگېلى؟
[ئۆز ئىشىغا كىرمەيلا چوڭ ئىشنى قىلاسەن]!
[چوڭ ئىشقا كۈچۈڭ يەتمەگەندە كىچىك ئىشنى قىل]!



ئارزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق!
تۆگە بالىسى قوي بىرلەن تەڭ.
[چوڭ كىشىنىڭ بالىسى ھەمىشە چوڭ بولادۇ
پۇقرانىڭ ئارىسىدا.]
ئۆشكە يۈگۈرۈپ كىيىك بولماس،
كىيىك يۈگۈرۈپ پىيىك بولماس!
ئىت غىنجىسى ئاسا بولماس.
دادىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ تىشى قامايدۇ.
[دادىسى قىلغان يامان ئىش بالىسىغا يېنىپ قالادۇ].
«توپاق ئۆزۈمنىڭ!» دېسە، بولامدۇ؟
[يالغۇز سەن شۇ ئىشنى بىلىپ مەن بىلمەيمەنمۇ؟!]
[ئاستا قىلماي ئالدىرغانىڭ نېمەدۇر؟]
نادانغا سۆزلەگەن ئىسىت سۆزۈم،
ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسىت كۆزۈم!
تولا سۆزلەگەن نادانىنىڭ ئىشى،
تولا يېگەن ھايگانىنىڭ ئىشى.
ئىت سۆڭەك يېسە، قوڭى بىرلەن مەسلىھەت قىلىپ يەيدۇ.
ھالگىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم يېدى!
زەردەكنى جۇگان يېسە، مەن «ھارما» دېدىم.
ئالدىراماڭ، تېكەم — ! ھارۇرسەن!
ئەرتە قوپۇپ خوشناڭغا قاراپ پاققىن!
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق،
بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا باق!
كۈندۈزنىڭ كېچىسى بار،
گۆلنىڭ تىكىنى بار،
ئېسەلنىڭ ھەررىسى بار،
ئېشەككە تۇمانىڭ نېمە ئىشى بار؟
سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيۈپ قېتىقنى پۈدەپ ئىشتى.
ساڭا كىم ھالگىنى سوتۇپ قويدى؟
[بىكار ئالدىرايسەن]!
قېرىغاندا ئېشەك تېزىگى ئالتۇن كۆرۈنەدۇ.
[پۇلنى ئۇبدان كۆرمىسەڭ، كېيىن پۇشايمان قىلۇرسەن]!
ئاغرىقنى يوشۇرسا، ئۆلۈم ئاشكارا قىلادۇ.
ئالدىراغان خوتۇن ئېرىگە سالام قىلدى.
[خوتۇن ئېرىگە بىزنىڭ رەسمىدە سالام قىلمايدۇ.]
[سىنىڭ ئىشىڭنى مەن بىلەمەن، سەن چوڭ سۆز ئېيتقان بىرلەن]!
ياسانچۇق مەردانە بولمايدۇ،
كېپىلە پەرگانە بولمايدۇ!



يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس.
ئورۇق ئۇيغا يوغان مۈڭگۈز.
[نامرات كىشىنىڭ چوق سۆز قىلغىنى].
چوپاق خوتۇننىڭ جىرتاق كۆيۈسى.
[ئىككىلىسى بىر بىرىگا ئوخشاش، ئارتۇق ئەمەس.]
ياماڭغا ياغ ياراشمايدو، — مۈشۈككە يۇمغاق سۈت.
ئات قاتاراسا، ئېشەكما قاتارايدا.
چوڭ باشنى ئاچسا، كىچىك قوڭنى ئاچادۇ.
[زىيادە ئىشنى قىلادو.]
غازنى يېسەڭ، ئۆردەككە نان تاشلاپ پەر!
[چوڭ كىشىگە كىرگىلى خىيال قىلساڭ، پۇقرانى ئۇبدان كۆر]!
ھالگىنى تولا يېسە، زاڭ تېتىيدو.
قۇرۇق سۆز قۇلاققا خوش ياقمايدو!
[گاڭغا بىر نەرسە ئاپىرىپ گەپ قىلساڭ بولادۇ.]
ئىتنى ئىشقا بۇرۇسا، ئىت قۇرۇغنى بۇرۇيدۇ.
[چەكەرنى بۇرۇسا، ئۇ چەكەر ئىشنى قىلماي بۆلەك چەكەرنى بۇرۇيدو.]
3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
ئالەمنى سۇ ئالسا، ئۆردەكنىڭ قانتىغا كەلمەيدۇ.
داپقا بېقىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
سۇ كۆرمەي ئىشتان سېلىپتۇ.
[ئالدىراپ بىر ئىشنى قىلغاندا.]
قۇرۇق يىغاچنى ھۆل يىغاشقا تاڭسا تۇتامدۇ؟
كۈندۈزى گەپ قىلساڭ:ئۇيان بۇيىنىڭغا بېقىپ!
كېچىسى گەپ قىلساڭ: قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ!
ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەدۇ.
قاشقا ئۇرسا، كۆزگە تېگەدو، ياتقا ساناسا،

ئۆزگە تېگەدۇ!
باماقنىڭ كەلمىگى بار.
موللا مەن! — موللىنى كۆرگەندە يولدا مەن.
سۆيگۈچىگە ئېشەك تېزىگى ئالتۇن كۆرۈنۇر.
پوقنى تەپسە سېسىدۇ. [ياماڭغا يۇقما]!
قارنىڭ ئاسسا قاق داگاسى قىل!
[تولنى ئالماي زادەردىن ئازنىما سۇرايدو.]
پىتنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوتقا سالدى.
ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇرۇق.
قول يەتمەگەن شاپتولا ئاچچىق!
قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچكە شۇ چىقادۇ.
چىبىنمۇ شىرى بار يەرگە ئولۇشادو.
ئاز قىل — ئۆز قىل!
ئېگىز ئوقۇردا ئارپا يېگەن ئات.
[خوتۇن چوڭ كىشىگە تېگىپ بىرلايىق ئىش پەيدا بوپ قالسا.]
ئىت «قابىدى!» دەپ ئۆلتۈرسە بولامدۇ؟
ئىككى قوشقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىمايدو.
[ئىككى چوڭ كىشى بىر يەردە پاتمايدۇ.]
ئىككى پىچاق بىر غىلايقا سىغمايدۇ.
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس!
لەگلەكنىڭ كەلگەننى سۇرايدۇ،
بارغىننى سۇرامايدۇ!
دىگاندىن ئاي بېشى سۇراپتو. [بىلمەگەندىن سۇراما]!
شامال چىقماغۇچە داراخ تەبرەمدۇ؟
ئاتقان ئوق يانامدۇ؟
دوسنىڭ كۆنسى ياخشى، چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى!
داراخ قېرىغان بىرلەن يىلتىزى قېرىمايدو؛ ئادەم قېرىغان بىرلەن كۆڭلى قېرىمايدو.
قازاننىڭ يېنىغا بارسا، قارىسى يۇقادو؛ يامانىنىڭ يېنىغا بارسا، بالاسى يۇقادۇ.
يىغاچ قازاندا بىر يول ئاش پىشادۇ، ئىككى پىشمايدۇ. [يالغان ئىش بىر ئۆتەدو، ئىككى قېتىم ئۆتمەيدۇ.]
كەسلەنچۈكنىڭ ئىلان بولمىغى ملىڭ يىللىق ئىش.
ئۆزۈمنىڭ ھېيبىم ئۆزۈمگە كۆرۈنمەيدو.
«نېمەگە ئوخشا» دىسە:
كۆتۈمنىڭ ھېيبى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدو.
ئوغلۇم يەپ ئورغا چىقتى؛ قىزىم يەپ قىرغا چىقتى.
كۆڭۈلسۈزنىڭ كۆز بىرىشىغا باق!

بار، يوق نېمىنى ئوغرى ئالدى،
قالغاننى رەممال ئالدى.
[پۇلنى بەگلەر ئېلىپ قالغىننى يوسوللار ئاپكەتتى، ماڭا ھېش تەمە قالمىدى]!
قاراغۇ قاراغۇنى ھاسىدىن ئارىمايدۇ.
سۇتى تولا كالا ئۆلمەگۇچە سۇتلۇك دىيمەيدۇ!
[ئۆلسە، پۇشايمان قىلىپ:
«ھەي، ئوبدان كالا ئىكەن!» دەيدۇ.]
ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەدۇ؛
ئارپىنىڭ تېتىغنى ئېشەك بىلەدو.
باغنىڭ قەدرىنى زاغ بىلمەيدۇ.
قولى كۆسوكنىڭ ھابىنى قولى كۆسۇك بىلەدۇ.
مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس؛
كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس!
ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا — سامان تىقادا پوستۇڭغا!
تازىنىڭ نېمىسى بار؟ ئادەمگە بەرمەگەن تۆمۈر تارغىغى بار! [دوس دوستىغا بىر نەرسىنى ئاياپ بەرگىلى ئۇناماسا، شۇ تەمسىلنى ئېيتادۇ.]

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئېشەككە بىلىپ خۇدايىم مۈڭگۈز بەرمىدى.
پاقاغا قۇيرۇق بەرمەگەن خۇدايىم.
ئۇسسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە بولدى.
نومۇسنى ئالتۇنغا ئالغىن، جاننى كىپەككە ئالغىن!
يىقىلساڭ دۇبۇسۇننى يەرگە قويما!
ئۆلسەڭ نومۇسۇڭنى قويما!
ئوتنى كىچىك دىمە، — كۆيدۈرەدۇ!
دۈشمەننى كىچىك دىمە، — ئۆلتۈرەدۇ!
يىمە يۆتەلمە، قىلما كۆتەرمە!



MIRAS

يىگىتنىڭ ئىزا تارتقىنى — ئۆلگىنى؛
پولاتنىڭ ئېگىلگىنى — سىنغىنى!
بىر ئۇينىڭ تۈبىغا ئۇرسا،
مىڭ ئۇينىڭ مۈڭگۈزى سىرقىرايدۇ.
ئۆلۈك مامىنىڭ قولنى تۇتتۇرغان بىرلەن بولامدۇ؟!
ئاش ئۆزىدىن، مىننەت كىشىدىن.
كىشىنىڭ جۇبىسىدا تەرلىسە، بولامدۇ؟،
قارامۇق دانىسى بولغۇچە بۇغداينىڭ سامىنى بول!
يامانىنىڭ ياخسىسى بولغۇچە ياخشىنىڭ يامىنى بول!
دىدەك مونچاق سالسا، كىرمەگەن ئۆي قالماس!
قول ئات مىنسە، چىقماغان دۆڭ قالماس
ساقايماغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى ياخشى؛
تۇرماغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى!
جان چىققاندا سۇرە ياسىنىنىڭ نېمە ئىشى بار؟
قازى بىرلەن بارامسەن؟ مۇپتى بىرلەن قالامسەن؟
نامراتقا يۇتەلنىڭ نېمە كېرىگى بار ؟
كۆگۈنەكنىڭ سايىسىدا كۈن كۆرگۈچە بوز لېچىن چاڭگىلىدا ئۆلسە بولادو. [كىچىك كىشىنىڭ ئايلىدا خىزمەت قىلغاندىن چوڭ كىشىنىڭ قولىدا ئۆلگىنى ياخشى بولادو.]

## تېپىشماقلار

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

تىرىكتىن ئۆلۈك، ئۆلۈكتىن تىرىك [تۇخۇم]

قىر بېشىدا قاتار قوزۇق [تىش]

بۇلاق بېشىدا قارا قىياق. [كۆز بىرلەن كىرپىك]

كۆل، كۆلنىڭ ئىچىدە سۇ، سۇنىڭ ئىچىدە يىلان، يىلاننىڭ ئاغزىدا ئوت.]

كۆل دېگەن چىراق، سۇ دېگەن ياغ، يىلان دېگەن پىلىك، ئوت دېگەن چىراقنىڭ ئوتى.

[ئاچا، ئاچىنىڭ ئۇستۇندە قاچا، قاچىنىڭ ئۇستۇندە كاپكاپ، كاپكاپنىڭ ئۇستۇندە شىرشىت، شىرشىتنىڭ ئۇستۇندە شىپشىپ، شىپشىپنىڭ ئۇستۇندە قارا دۆڭ، قارا دۆڭنىڭ ئىككى تەرىپىسىدە ئىككى ئىشىگى بار.]

ئاچا — ئىككى پۇتى، قاچا — قارنى، كاپكاپ — ئاغزى، شىرشىت — بۇرۇنى، شىپشىپ — كۆزى، قارا دۆڭ — بېشى، ئىككى ئىشىگى — ئىككى قۇلىقى.

[ئۆزى يۇمبۇلاق، تېشى قىزىل، ئىچى ئاقتۇر.] ئاق تۇرما.]

قازاندا ئوت قاينايدو. [گاڭزا.]

ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس. [ئىگەر.]

بىر تۇپ دەراق؛ بىر تۇپ دەراقتا ئون ئىككى تال شاق؛ ئون ئىككى تال شاقتا بىر تال يىلتىز؛ مۆگسىنىڭ ھىسابىنى خۇدادىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. — تاپقىنى؛ دەراق دېگەنى — بىر يىل؛ ئون ئىككى تال شاق دېگىنى — ئون ئىككى ئاي؛ يىلتىز دېگەنى — بىر كۈن؛ مۆگسى دېگىنى — يۇلتۇز.

مىسىردىن ئەلچى كېلىپتو سانىغا، سانىغا تۇشكۈن بېرىپتۇ ئىككى قوي؛ ئىككى قوينىڭ پوستى بار، ئۇستۇخانى يوق. — مىسرى دېگىنى — ئېغىز؛ ئەلچى دېگىنى — يېگەن تاماق؛ سانى دېگىنى مەيدىسىنى ئەيتادۇ؛ ئىككى قوي دېگىنى — ئىككى ئەمچەك.

قازى بىرلەن بېرىپتۇ، مۇپتى خوتۇنى بىرلەن بېرىپتو، بىر نانىنى تۆرت پارچە قىلىپ قويۇپتۇ، تۆرتىلىسى بىر پارچىدىن يېدى، بىر پارچىسى ئېشىپ قالدى. قازىنىڭ قىزى مۇپتىنىڭ خوتۇنى بولادو. ھەممىسى ئۇچ ئادەم بولۇپ ئۇچ نانىنى يېسە بىر نان ئارتۇق قالادو.

## تېپىشماقلار

(تۆمۈرخان، قومۇل، 1892 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى)

ئېگىز مۇنارا، تېگى قىغدانا، تۇمەن-تۇمەن چېچەكلەرى، ئىككى يوپۇرمىغى؟ ـ مۇنارا دېگىنى ئاسمان، قىغدانا دېگىنى يەر ـ زېمىن، چېچەكلەرى ـ يۇلتۇزلىرى، يوپۇرماق دېگىنى بىرسى ئاي، بىرسى كۈن.

بىر دۆبە توققۇز تۆشۈك ـ دۆبە دېگىنى ئەدەم.

تۆرت ـ تاپتاپ، ئەگرى ساپلاپ، ئىككى دىڭدىڭ، ئىككى لەپلەپ، بىر شىپشىپ؟ شۇنى تاپ تاپ!

تاپتاپ دېگىنى تۆرت پۇتى، ساپلاپ ـ بوينى، دىڭدىڭ ـ قۇلىقى، لەپلەپ ـ بۆكنى، شىپشىپ ـ قۇرۇغى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن





# يۇمۇرلار





### تەسىرات

بىر ئايال ئاشنىسى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز يولدىشى كېلىپ قاپتۇ. ئايال دەرھال ئاشنىسىنى بۇلۇڭغا ئەكېلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە ئاق سىر سۈركەپ:

— مەن گەپ قىلمىغىچە مىدىرلىماڭ ھە! — دەپ تاپىلاپتۇ.

يولدىشى ئۆيگە كىرىپلا:

— بۇ ھەيكەلنى ئالدىڭما؟ — دەپتۇ.

— ئۆتكەندە قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەم باركەن، بەك چىرايلىق كۆرۈندى. شۇڭا مەنمۇ بىرنى سېتىۋالدىم، — دەپتۇ ئايالى، يولدىشى گەپ قىلماپتۇ.

ئەتىسى يولدىشى بىر بولكىنى ئېلىپ ھەيكەلنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە پەس ئاۋازدا:

— چاققان يە، مەن قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە تۇرغاندا، بىر ئىستاكان سۇمۇ ئىچەلمەي بەك قىينالغان دەپتۇ.

### ياخشى ئۈلگە

كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر تىلەمچى خوجايىننىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

خوجايىن: مەن ساڭا پۇل بېرەلەيمەن، بەرسەملا ھاراق ئىچەرسەن.

تىلەمچى: مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيمەن.

خوجايىن: ئۇنداقتا قىمار ئوينايسەن؟

تىلەمچى: ئەزەلدىن قىمار ئوينىمايمەن.

خوجايىن: قىزلارنى ئىزدەرسەن ھەقچان.

تىلەمچى: مەن ئەزەلدىن قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغان.

خوجايىن: ئۇنداقتا بەك ياخشىكەن، مەن ساڭا 100 كوي بېرەي. بىراق مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ ئۆيگە بارسەن، مەن ئايالىمغا ھېچقانداق كەمچىلىكى يوق ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

### ئامال بار

بىر كىشىنىڭ چىشى ئاغرىپ قاپتۇ، چىشىنىڭ ئاغرىقىدا ۋاي - ۋايلاپ قوشنىلارنىمۇ ئارامىدا قويماپتۇ. بىر قوشنىسى ئۇ كىشىنىڭ ئايالىدىن:

— يولدىشىڭىزنىڭ چىشىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولدى، بىرەر ئامال قىلمىدىڭىزما؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىلدىم، — دەپتۇ ئايال، — بىر نەچچە كۈن بولدى مەن قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالدىم.

### ياردەملىشىش

بىر قىز ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، شىركەتتىكىلەر ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

— دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ، خىزمەت جەھەتتە سىلەرگە ئېغىرلىقىمنى سالدىم، سەت بولدى - ھە، — دەپتۇ قىز.

— ياقەي، — دەپتۇ بىر يىگىت، — سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى بىر نەچچەيمىز بۆلۈپ قىلىۋاتىمىز، مەن گېزىت ئوقۇيمەن، چوڭ خانقىز تېلېفون ئۇرىدۇ، كىچىك خانقىز باش لىدىر بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ...

### تۇغۇلغان كۈندىكى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق

بىر لىدىر ئاغىنىسىگە مۇنداق





دەپتۇ:

— تۈنۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، كاتىپىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

— نېمدېگەن ياخشى ـ ھە! — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ ماڭا بەش مىنۇتتىن كېيىن ياتاق ئۆيىگە كىرىشىمنى، كۈتۈلمىگەن سوۋغا بارلىقىنى ئېيتتى، — دەپتۇ لىدىر.

— ۋاھ، نېمدېگەن ياخشى، ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسەن، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دەپتۇ لىدىر، — بەش منۇتتىن كېيىن ياتاق ئۆيگە كىرسەم، كاتىپىم بىلەن باشقا خىزمەتداشلار بىرلىكتە شام ياندۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— راستما؟ ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسەن، خىزمەتداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى سېنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ ھە! خۇشال بولغانسەن؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى ھەۋەسلىنىپ.

— بىراق، ئۇ چاغدا مەن ياتاقتا يالىڭاچ كىرىپتىكەنمەن، — دەپتۇ لىدىر.

## خاتا ئاپتىمەن

لاتارىيىدە بىر مىليون يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىر كىشىدىن كىشىلەر سوراپتۇ:

— قانداق بولۇپ بۇ سانىنى ئېلىشنى ئويلىغان؟

— مەن ئۇدا ئۈچ كۈن يەتتە دېگەن سانىنى چۈشەپ قاپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن يەتتىنى ئۈچ كۈنگە كۆپەيتىپ 24 دېگەن نومۇرنى سېتىۋالدىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بىراق يەتتىنى ئۈچكە كۆپەيتسە 21 بولىدىغۇ، — دەپتۇ كىشىلەر ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق بولامدۇ، ئەستا خاتا ئېلىپ قاپتىمەندە، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئەپسۇسلىنىپ.

## بەلگە قويۇش

دادا ـ بالا بېلىق تۇتقىلى بىر قولۋاقنى ئىجارە ئاپتۇ، ئۇلار كۆلنىڭ ئىستايىن تىنچ بىر يېرىدە نۇرغۇن بېلىق بارلىقىنى بايقاپتۇ.

— نېمدېگەن ياخشى، بىز بۇ يەرگە بەلگە سېلىپ قويۇپ ئەتىمۇ كېلەيلى! — دەپتۇ دادىسى.

— ماقۇل، مەن بەلگە سالاي، — دەپتۇ بالىسى.

قايتىشتا دادىسى بالىسىدىن:

— نەگە بەلگە سالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بوردا قولۋاق سىرتىغا بىر دۈگىلەك سىزىپ قويدۇم، ـ دەپتۇ بالىسى.

— ھەي دۆت، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ دادىسى، — ئەتە بىز بۇ قولۋاقنى ئىجارىگە ئالغىچە باشقىلار ئېلىپ كېتەمدۇ تېخى!

## قانداق بولىدىكەن

بىر چاشقان كىنوخانىدا كىنو كۆرۈۋاتسا، بىر پىل ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈپتۇ. چاشقان كىنونى پەقەت كۆرەلمەپتۇ ـ دە، ئاچچىقدا پىلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قىمىرلاپ، ئارقىسىغا قاراپتۇ ـ دە، پىلغا:

— ھە، تۇرۇۋالسا قانداق بولىدىكەن؟ — دەپتۇ.

**توپلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن**



ئەگەر بىلەن ئەر كۆكرەر،
ياغمۇر بىلەن يەر كۆكرەر.

— «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن.

ئەجر قىلساڭ چۆلگە،
يۈركسەن گۆلگە.

— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى دىن.



# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:6.00 元

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E - mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040